مول بىلىم خەزىنىسى    دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ روجىكى    زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياردەمچىسى

# بىلىم ـ كۈچ



11

2016

KNOWLEDGE IS POWER

知识－力量

中国科协项目资助

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 15 — 58

ISSN 1002-9427

11 >

9 771002 942001

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بوئىن شىركىتىنىڭ 100 يىللىق شەرىپى

2016 ـ يىل، بوئىن شىركىتى 100 يىللىق خاتىرە كۈنىنى كۈتۈۋالدى. Modell دىن تارتىپ 737MAX غىچە، بوئىن شىركىتى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىللە 100 يىلنى ئۆتكۈزدى. نامى چىقمىغان كىچىك ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدىن تەرەققىي قىلىپ، دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن ئاۋىياتسىيە ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. شىركەت 100 يىل جەريانىدا ساناقسىز نەپىس ئايروپىلان تىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئاۋىياتسىيەچىلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ساياھەت ئۇسۇلىنى غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئەركىن ئۇچۇشىنى قەدەممۇقەدەم ئەمەلگە ئاشۇردى.



بوئىن 80 تىپلىق ئايروپىلان



بوئىن 307 يولۇچىلار ئايروپىلانى




بوئىن 707 يولۇچىلار ئايروپىلانى



بوئىن 747 ئامېرىكا ئالەم ئايروپىلانىنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلماقتا

# ناكەستىن قەرز ئالما

ھىندىستان دانىشمەنلىرىدىن بىرىنىڭ ئەقىللىق، خۇشخۇي ۋە گۈزەل خۇلقلۇق بىر ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى دانىشمەن قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. دۇنيادىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتكەچكە، ئوغلىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ:

— ئەزىز ئوغلۇم، ساڭا شەپقەت ۋە مەرھەمەت يۈزىسىدىن بىرقانچە نەسىھەت قىلىمەن. دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىل. شۇندىلا خەلق ئارىسىدا ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە بولىسەن، راھەت - پاراغەتتە ياشايسەن، — دېدى ۋە شۇنداق نەسىھەت قىلدى، — ئوغلۇم، قولىدىن چىققان ۋە قولۇڭغا كىرمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن غەمكىن بولما. پەسكەش، ناكەستىن قەرز ئالما، ئۇ سېنى رەنجىتىدۇ. ئەدىب ۋە شائىرلار بىلەن ئاچچىقلاشما، شەرم - ھاياسىز، بېخىللار بىلەن سۆھبەتداش بولما. ھېچ ۋاقىت بىراۋنىڭ نېنىنى تەما قىلما، ئۆز ئەمگەكىڭدىن تاپقان نېنىڭ بىلەن قانائەتلەن. ئالىيجاناب، تەربىيەلىك، ئەخلاقلىق ۋە ئالىم، پازىللار بىلەن سۆھبەتداش بولساڭ ياخشى نام چىقىرىسەن، بۇنى ئۇنتۇما. ماختانچاق، ئەزمىلەردىن يىراق بول. ھەسەتخور، ئېغىۋاگەر ۋە چېقىمچىلارغا ھەرگىز يېقىنلاشما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

**ئىلىم ـ پەن ۋە خۇراپاتلىق**

1 يەر شارى كلىماتىنىڭ ئىللىپ كېتىشىنىڭ قانداق خەتىرى بار ........................................دىلنۇر ئىزىز(ت)

2 نېمە ئۈچۈن ھاياتلىق يەر شارىدىلا مەۋجۇت.............

**يېڭى ماتېرىيال، يېڭى تېخنىكا**

3 توخۇ مايىقىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش.........................

**دۇنياغا نەزەر**

6 دۇنيادىكى سەككىز چوڭ رادىيو تېلېسكوپى.....ئاسىيە ھېمىت(ت)

10 چەت ئەللەردىكى ياشانغانلار تۇرمۇشى..........مۇنەۋۋەر ئىزىز(ت)

**ساغلاملىق چەمبىرىكى**

14 ئېغىر ئۇيقۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش.......................................................نۇرمۇھەممەت ئىمىن روزى

16 ياش ۋە ئوتتۇرا ياشتىكىلەر سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.............................دىلشات ئىسمايىل

**تەبىئەتتىكى سىرلار**

18 ھالاكەت ئارىلىنىڭ سىرى.........................ساتتار غوپۇر(ت)

21 دېڭىز ئاستى نۇركابېلىنىڭ سىرى............گۈلباھار قۇربان(ت)

**ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر كۇلۇبى**

25 كۆزئەينەك كۆرۈش قۇۋۋىتىنى قانداق توغرىلايدۇ...................

26 ئادەم نېمە ئۈچۈن سوغۇقتا تىترەيدۇ.......................

بىلىم ـ كۈچ

11 ـ سان
(ئايلىق ژۇرنال)
2016 ـ يىل، نويابىر (ئوغلاق)
( ئومۇمىي 414 ـ سان )
1980 ـ يىل نەشر قىلىندى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتى

**تەھرىر ھەيئەتلىرى**
**مۇدىر:** لى چۈنياڭ
**مۇئاۋىن مۇدىر:** تاۋ پېڭ
ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى
چالقار قىزىر
شيې گوجېڭ
مى نىڭ
ئىمىنجان زارى
ئەي چۈنگىن
بەي شاۋخۇڭ

**ھەيئەت ئەزالىرى**
ۋەن شياڭگۈي دىلشات مەتروزى
تاشقىن جاپپار ليۇ يىڭ جەن چياڭ
شيې شۈيەن جۈرئەت ھەبىبۇل لوجيەن يې

**نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:**
دىلشات مەتروزى
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
**مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:**
جۈرئەت ھەبىبۇل
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
لو جيەن يې
**تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:**
زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت
**مەسئۇل مۇھەررىر:**
غالىپ مۇھەممەد قارلۇق
**كوررېكتور:**
ئاسىيە ھۈسەيىن

نازارەت قىلىش تېلېفونى: 0991-6386550 تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفونى: 0991-6386547
ئېلان تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفونى: 0991-6386551 خەت ساندۇقى: bilimkuqxjkx@163.com




**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:**
تەڭرى كۆزى تېلېسكوپى
**باشقۇرغۇچى:**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى
**نەشر قىلغۇچى:**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتى
**تۈزگۈچى:**
«بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
**پوچتا نومۇرى:**
830054
**ئادرېسى:**
ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت يولى
686 - قورۇ
(پەن - تېخنىكا سارىيى ئىچىدە)
**تەھرىرلەپ تەييارلىغۇچى:**
«قوشنا» ژۇرنىلى
**باسقۇچى:**
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى:**
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:**
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا
تارماقلىرى
**مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن قىرەللىك**
**نەشر بۇيۇملىرى نومۇرى:**
CN65 - 1085 / Z
**خەلقئارا ئۆلچەمدىكى قەرەللىك نەشر بۇيۇملىرى**
**نومۇرى:**
ISSN1002-9427
**ئېلان تىجارەت گۇۋاھنامە نومۇرى:**
6501004000010
**پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:**
58-15

**باھاسى:** 7.00 يۈەن

27 ئوقۇغۇچىلار پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ تۈرلىرى.......
.............پەزىلەت تۇرغۇن(ت)

مۇھىت ۋە ھاياتلىق

30 تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ساغلاملىققا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ
ئالدىنى ئېلىش...............ئەمەرجان بەكرى

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆزنىكى

34 ئىشەنچلىك بولغان خەلق ئارىسىدىكى ئىلىم - پەننى قانداق پەرق-
لەندۈرىمىز...............مۇنەۋۋەر ئېزىز(ت)

ھايۋانات دۇنياسى

37 قوڭۇر ئېيىق ۋە ئۇنى قوغداش...............ئابدۇللا روزى

يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى

39 قوغۇندا كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەر...............
...............راخمانجان رۇسۇل
45 قوتاندا قوي بېقىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار...........روزى ياسىن
47 چارۋىلارنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار
...............مېھرىگۈل زۇنناجى

ئۆتىكەن - بۈگۈن

48 «ئەمەلىيەت 10 - نومۇر»دىكى ئون ساندۇق......مەمتىمىن مەمەت(ت)
52 كىتاب ئوقۇشتىكى بەش ئاچقۇچ...............قۇربانجان يۈسۈپ(ت)
54 «پاتېنت ھوقۇقىنى گۈرۈگە قويۇشنى تىزىملاش» ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ
ئەھمىيىتى...............شۆھرەت بەكرى(تەييارلىغان)

بىلىۋېلىڭ

57 كىچىك باللار چوڭلارنىڭ ماسكىسىنى تاقىسا تۇمانلىق ھاۋادىن
زەھەرلىنىشتىن ساقلىنىيالامدۇ...............مۇنىرە ئابدۇقادىر(ت)
58 كونسېرۋانى چۈشىنەمسىز...............نۇرشات ئابدۇرىشىت(ت)

# يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئىللىپ كېتىشىنىڭ قانداق خەتىرى بار

«پارنىك ئېففېكتى» كەلتۈرۈپ چىقارغان يەر شارىنىڭ ئىللىپ كېتىشى كىشىلەردە خىلمۇخىل تەسەۋۋۇرلارنى پەيدا قىلدى. بەزىلەر ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ ئېڭىكى بىپايان دېڭىزغا چىلىنىپ قالىدۇ؛ مەلۇم بىر خىل ئىسسىقلىق بەلباغ كېسەللىكى نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلودا يامراپ كېتىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئاخىرقى زامان ھەققىدە ھەرخىل سۆزلەرنى تارقاتتى. بىراق ھازىر يەر شارىنىڭ ئىللىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ھەقىقەت بىزنى خىيالىي دۇنيادىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى، بۇ ئالىملار ۋە ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كەسكىن مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئالدى بىلەن ئەگەر تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتسە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپتىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىپ كېتىشى ۋە مۇزلۇقنىڭ ئېرىپ تۈگىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇزلۇقنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ دېڭىز - ئوكيانغا قويۇلۇپ، دېڭىز تەكشىلىكى يۇقىرىلاپ كېتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلىرى ۋە دۇنيادىكى باشقا دېڭىز ساھىلى شەھەرلىرىنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ - دە، «دېڭىز ئاستى دۇنياسى» غا ئايلىنىپ قالىدۇ، تەبىئىي مۇھىت، ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتى ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەر يۈزىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، بەزى جايلارنىڭ ھاۋاسى قۇرغاقلىشىپ كەتسە، بەزى جايلارنىڭ ھاۋارايىدا نەملىك كۆرۈلىدۇ، كېسەللىكلەر يامراپ، مەدەنىيەت يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا تەيفېڭ بورىنى، قارا يامغۇر، دېڭىز تاشقىنى، تومۇز ئىسسىق، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە سۇ ئاپىتى كۆپلەپ يۈز بېرىپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا زور زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. 1998 - يىلى، ئېلىمىزنىڭ چاڭجياڭ، نېنجياڭ ۋە سۇڭخۇاجياڭ دەريالىرىدا پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن، بۇ قېتىمقى ئاپەتنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار سانى زىيادە كۆپ بولغان.

شۇ سەۋەبتىن بەزىلەر يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئىللىپ كېتىشىنى، يادرو ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دېگەن. يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، بۇنىڭغا قارىتا بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇھىتنى ئاسراشتىن ئىبارەت.



**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# نېمە ئۈچۈن ھاياتلىق يەر شارىدىلا مەۋجۇت



نېمە ئۈچۈن قۇياش سىستېمىسىدا پەقەت يەر شارىدىلا ھاياتلىق مەۋجۇت. بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەرت-شارائىتىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى بىزگە، ھاياتلىقنىڭ تەرەققىياتى تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، سۇ جانلىقلىرىدىن قۇرۇقلۇق جانلىقلىرىغا، تاق ھۈجەيرىلىكتىن كۆپ ھۈجەيرىلىككە تەدرىجىي ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھاياتلىق پەيدا بولۇشتا ئالدىن ھازىرلىنىدىغان شەرت، چوقۇم ئانورگانىك ماددىدىن ئورگانىك ماددىغا، ئورگانىك ماددىدىن چوڭ مولېكۇلادىن تۈزۈلگەن ئورگانىك ماددىغا، چوڭ مولېكۇلادىن تۈزۈلگەن ئورگانىك ماددىدىن ھاياتلىق شەكىللىنىدىغان ھەرخىل شارائىتلار ھازىرلىنىشى كېرەك. شۇنداقلا ھاياتلىق پەيدا بولغاندىن كېيىن شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ياشاش شارائىتى بولۇش كېرەك.

سەككىز چوڭ پلانېتا ئىچىدە، پەقەت يەر شارىدىلا مۇشۇ شەرت ھازىرلانغان بولۇپ، قالغان پلانېتالاردا ھاياتلىق پەيدا بولىدىغان ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان شەرتلەر ھازىرلانمىغان. ھازىر بىز پەقەت يەر شارىغا ئەڭ يېقىن ۋېنېرا بىلەن مارستىن ئىبارەت ئىككى پلانېتانى تەھلىل قىلساقلا، بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ۋېنېرا يەر شارىغا قارىغاندا قۇياشقا يېقىن بولۇپ، سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 450℃ تىن يۇقىرى، كېچىدىكى تېمپېراتۇرىسىمۇ تاغ جىنسلىرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ، بۇنداق مۇھىتتا ھاياتلىق قانداقمۇ پەيدا بولسۇن؟ ھەم قانداقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟ مارسنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ يەر شارىغا قارىغاندا قۇياشتىن سەل يىراق بولۇپ، سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەر شارىدىن تۆۋەنرەك، چۈشلۈك ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسى 30℃، كېچىدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 150℃ بولۇپ، قارىماققا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ماس كەلگەندەك بولسىمۇ، بىراق ھاياتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولغان سۇ يوق. مارسقا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردىن، مارستا ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى. شۇڭا ئالىملار ۋېنېرا بىلەن مارسنىڭ ھەرىكەت ئوربىتا ئارىلىقىدىكى رايوننى قۇياش سىستېمىسىدىكى ھاياتلىق چەمبىرىكى دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت يەر شارىلا ھاياتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# توخۇ مايىقىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش

مۇھەت ئېنژېنېرى Lee Blaney دائىم چاچقاق قىلىپ، مارىلان ئۇنىۋېرسىتېتى بالتىمور ناھىيەسى شۆبە مەكتىپىدە ئۆزگىچە پۇراقلىق بىر تەجرىبىخانام بار، دەيدۇ. بۇ تەجرىبىخانىدا Lee Blaney ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى رېئاكتور ئارقىلىق توخۇ مايىقىنىڭ قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقىنى كۆپۈكلەشتۇرۇش مەشغۇلاتىنى ئىشلەيدۇ، ئەتراپىنى سېسىق پۇراق بىر ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق سېسىقچىلىققا بەرداشلىق بېرىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار سېسىق ئەخلەت ئارىسىدىن بايلىقنى بايقىيالىغان.

فوسفور يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم ئوزۇقلۇق تەركىب. تەتقىقاتچىلار توخۇ مايىقىدىن فوسفورغا ئېرىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى سىجىل فوسفور مەنبەسىگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ تېخنىكا ئامېرىكا مارىلان شىتاتىدىكى توخۇ باققۇچىلارنى توخۇ مايىقىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشىدىكى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا يەنە شۇ جايغا يېقىن ئەتراپتىكى چېساپېك قولتۇقىنىڭ سۇ سۈپىتىنى ياخشىلاشقىمۇ پايدىسى بار.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، چېساپېك قولتۇقى تۆۋەن ئوكسىگېن، ئوكسىگېن كەم بولۇش ياكى ئۆلۈك سۇ رايونى مەسىلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. ئۆلۈك سۇ رايونى دائىرىسىدە، قىسقۇچپاقا، بېلىق ۋە باشقا جانلىقلار ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. چېساپېك تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى بىل بول: «بۇ ئۆلۈك سۇ رايونىنىڭ كۆپ قىسمىدا، تۇپراقنى سۇغىرىدىغان ئازوت ۋە فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ جىلغا، ئۆستەڭلەرگە ئېقىپ كىرىپ ئاخىرىدا چېساپېك قولتۇقىغا قويۇلۇشى بىلەن ئوزۇقلۇق تەركىبنىڭ بولغىنىشى كېلىپ چىققان» دەيدۇ.

توخۇ مايىقىمۇ دېڭىز قولتۇقىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى بۇلغايدىغان مەنبەنىڭ بىرى. دېڭىز قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دېلمارۋا يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمى دېلاۋار شىتاتىغا تەۋە بولۇپ، بىر قىسمى مارىلان ۋە ۋېنگىرىيە شىتاتلىرىغا تەۋە. بۇ يېرىم ئارالدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا يىلىغا 500 مىليوندىن ئارتۇق توخۇ بېقىلىدۇ، بۇ توخۇلارنىڭ مايىقلىرى نەچچە مىليون توننىغا يېتىدۇ. Blaney : «ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بۇ ئەخلەتلەرنى ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىشتىن ئىبارەت» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى نۇرغۇن دېھقانلار توخۇ مايىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېرىگە ئىشلەتكەن ياكى ساتقان.

ئەمما توخۇ مايىقىنى ئوغۇت قىلغاندا تۇپراق تەركىبىدىكى فوسفورنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاسانلا ئېشىپ كېتىدۇ. باشقا ئوغۇتلارغا سېلىشتۇرغاندا، مەسىلەن، كالا، ئۆي قۇشلىرىنىڭ قىغىدىكى فوسفور ئازوت نىسبىتىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بول چۈشەندۈرۈپ: «توخۇ مايىقى ئوغۇتىنىڭ باھاسى ئەرزان، يەنە كېلىپ دېھقانلار ئۇلارنى جەزمەن بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، شۇ سەۋەبتىن فوسفور مىقدارى كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، توخۇ مايىقلىرى يەنىلا ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. تۇپراقتىكى فوسفور مىقدارى زىيادە ئېشىپ

كەتكەندە ئەتراپتىكى سۇ يوللىرىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلايدۇ» دەيدۇ.

2015 - يىلى، مارىلان شتاتى ئوغۇتنىڭ چېساپېك قولتۇقىغا ئېقىپ كىرىشىنى ئازايتىش پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، دېھقانلارنىڭ توخۇ مايىقىنى ئىشلىتىشكە چەك قويىدىغان مەمۇرىي قانۇننى بېكىتكەن: مارىلان شتاتى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى رايونلار دېڭىز قولتۇقىغا تۇتۇشىدىغان بارلىق سۇ يوللىرىدىكى ئازوت ۋە فوسفور مىقدارىنىڭ، ئامېرىكا مۇھىت ئاسراش مەھكىمىسىنىڭ «پاكىز سۇ قانۇنى» غا ئاساسەن بېكىتكەن تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى يېڭى بەلگىلىمىلەر 2022 - يىلى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر قىغلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بەزى دېھقانلار توخۇ بېقىش بىلەن تەڭ يەنە زىرائەت تېرىيدۇ. مارىلان شتاتىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يېرىمدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تۇپرىقىدىكى فوسفورنىڭ مىقدارى يېڭى بەلگىلىمىگە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 10% دېھقانچىلىق مەيدانىدا فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن شۇ جايدىكى دېھقانلار يېقىن ئەتراپتىكى فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلىتىدىغان رايونلارغا توخۇ مايىقلىرىنى توشۇشقا ئوخشاش بىرتەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى چوقۇم تېپىشى كېرەك.

تەكىتلەپ قويۇشقا ئەرزىيدىغىنى ئازوت ۋە فوسفور توخۇ مايىقى ئېغىرلىقىنىڭ پەقەت ئازغىنا بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك كۆپ قىسىم توشۇش تەننەرخى، تەركىبىدە ئوزۇقلۇق بولمىغان ماددىلارغا ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. Blaney مۇنداق دەيدۇ: «توخۇ مايىقىدىن ئېرىشىدىغانلىرىمىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئاز، 5% تىن ئاشمايدۇ، بىراق ھەممىسى ياخشى نەرسىلەر. بۇ ئوزۇقلۇق تەركىبلەر فوسفورغا ئېھتىياجلىق بولغان زىرائەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن قىممەتلىك، توشۇشقا ئاسان ھەم تېجەشلىك».

ئايرىپ ئېلىش جەريانى ئىككى مۇستەقىل رېئاكتور ئىچىدە بولىدۇ. ئېنژېنېرلار بىرىنچى رېئاكتور ئىچىدە ئۆي قۇشلىرى قىغىنىڭ قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقىنى كىسلاتالاشتۇرىدۇ، ئاممونىي ئىئونى ۋە فوسفاتلار سۇغا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئايرىلغاندىن كېيىن سۇيۇقلۇق پومپا ئارقىلىق ئىككىنچى رېئاكتورغا قۇيۇلىدۇ. ئارقىدىن بۇ سۇيۇقلۇق ئىشقارلاشتۇرۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق فوسفور تەركىبى مول بولغان مىنېرال ماددا چۆكمىگە چۈشىدۇ.

تەجرىبىخانىدا ئېنژېنېرلار قىغ ئەۋرىشكىسىدىن 80% تىن 90% كىچە فوسفور يىغىۋالالايدۇ. كۆپ قىسىم ھاسىلات ستروۋىت دەپ ئاتىلىدىغان ئاممونىي فوسفات خىمىيەلىك بىرىكمىسى بولۇپ، ئوغۇت تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇقنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئاستىلىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەجرىبىخانىدا يەنە چۆكمىگە چۈشكەن كالتسىي فوسفات تۈرىدىكى مىنېرال ماددىلار بار بولۇپ، ھايۋانات يەم - خەشىكىدە تولۇقلىما ئوزۇقلۇق ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىنچى رېئاكتوردىكى قاتتىق قالدۇقنىڭ يەنە قىممىتى بار. ئۇنىڭدا يەنىلا ئورگا-



www.uyghurkitap.com



نىڭ ماددىلار بار بولۇپ، ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، تەركىبىدە فوسفور بولۇشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ جەرياننىڭ سىجىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، Blaney ۋە ئۇنىڭ كەسپداشلىرى رېئاكسىيە جەريانى ئېھتىياجلىق بولغان سۇنىڭ مىقدارى ۋە خىمىيەلىك ماددىلارنى ئازايتىشنى ئۈمىد قىلغان. ئۇلار تەھلىل قىلىش ئارقىلىق توخۇ مايىقىدا ستروۋىتنى شەكىللەندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندا قىلىدىغان بىردىنبىر ئىشى قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقنى كىسلاتالاشتۇرۇش ھەم مىنېرال ماددىلارنى چۆكمىگە چۈشۈرۈش بولغان.

كىسلاتالاشتۇرۇش جەريانىدا، تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر كۈچلۈك كىسلاتانى ئىشلەتمەسلىكنى قارار قىلغان، چۈنكى بۇ تەننەرخنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. كاربون (Ⅳ) ئوكسىد گازىنى توخۇ مايىقىنىڭ قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقىغا كىرگۈزۈش كىسلاتالاشتۇرۇش شەرتىنى ھازىرلاشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى. ئىككىنچى رېئاكتورنىڭ PH قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار يەنە ناترىي گىدروكسىد قوشقان، شۇنداقلا ھاۋانى كىرگۈزۈش ئارقىلىق قالدۇق كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى چىقىرىپ تاشلىغان. سۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، رېئاكسىيە تاماملانغاندىن كېيىن، ئىككىنچى رېئاكتوردىكى قالدۇق سۇيۇقلۇقنى پومپا ئارقىلىق چىقىرىۋېلىپ، كېيىنكى قىغ ئوغۇتىنىڭ قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقىنى ياساشقا ئىشلەتكەن. 10 قېتىم ئايلانما ئىشلىتىشتىن كېيىن، توخۇ مايىقىدىن يەنىلا 80% تىن ئارتۇق فوسفورنى يىغىۋالغىلى بولغان.

مارىلان ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە مەكتىپىنىڭ ئېكولوگىيە ئىنژېنېرى ستېپھانى ئالانسىڭ: «بۇنداق ئېلىش ئۇسۇلى گۆش توخۇسى باقمىچىلىقىنىڭ سىجىللىقىنى ئاشۇرىدىغان يوللارنىڭ بىرى» دەيدۇ. لانسىڭ يەنە توخۇ مايىقىنىڭ باشقا ئىشلىتىلىش يوللىرىنى تەتقىق قىلىشقا كۈچ چىقارغان. ئۇ توخۇ مايىقىنى ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىدىغان ئىككى تېخنىكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بىرى ئوكسىگېنسىز مېتابولىزم ئارقىلىق پاتقاق گازىنى ھاسىل قىلىش؛ يەنە بىرى ئوغۇتنى گازلاشتۇرۇش ئارقىلىق بىرىكمە گاز ھاسىل قىلىش، يەنى بۇ ھىدروگېن ۋە كاربون چالا ئوكسىدتىن تەركىب تاپقان يېقىلغۇدىن ئىبارەت.

ھازىر Blaney شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بۇ تېخنىكىنى دېھقانلارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان بولۇپ، Blaney كېيىنكى بىر يىلدا بۇ تېخنىكىنىڭ دېھقانچىلىق سىستېمىسىدا ھەقىقىي قوللىنىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شۇ جايدىكى دېھقان رىچاردسوننىڭ قارىشىچە، بۇ تېخنىكىنى بازارلاشتۇرۇشنىڭ قوش پايدىسى باركەن. ئۇ: «ئەگەر بۇ تېخنىكا تېجەشلىك بولسا يەنە كېلىپ مەن قوشۇمچە مەھسۇلات، ئورگانىك ماددا ۋە مىكرو ئېلېمېنتلاردىن قايتا پايدىلىنالىسام، مەن ئوغۇتتىن مەھرۇم قالمايمەن، شۇنداقلا فوسفور تۇپراققا كىرىپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن شتاتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە يەتكىلى بولىدىكەن» دەيدۇ.

Blaney ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەيلى توخۇ مايىقىنى ئاسان توشۇغىلى بولىدىغان ئوغۇت ياكى يېقىلغۇغا ئايلاندۇرسۇن، ھەممىسىدە چېساپىكنىڭ سۇ سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ئۇ: «بىر ياخشى ھەل قىلىش لايىھەسى ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىلىق ھەم تۇپراقنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان بولۇشى كېرەك» دەيدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# دۇنيادىكى سەككىز چوڭ رادىيو تېلېسكوپى



**1. «دۇلدۇل» (65 مېتىر)**

پارابولا يۈزلۈك رادىيو تېلېسكوپى دائىم ئۈچرايدىغان رادىيو تېلېسكوپلىرىنىڭ بىرى. شاڭخەيدىكى دىيامېتىرى 65 مېتىر كېلىدىغان رادىيو تېلېسكوپى دۇلدۇل تېلېسكوپى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شاڭخەيدىكى سۇڭجياڭ رايونىنىڭ يۇشەن دېگەن يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پۈتۈن يۆنىلىشلىك يۆتكىلىشچان چوڭ تىپلىق رادىيو تېلېسكوپ سىستېمىسى بولۇپ، 2012 - يىلى ياسالغان. ئۇ ئون مىليارد يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتىكى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتەلەيدۇ.

**2. «لوۋېل» (76 مېتىر)**

ئەنگلىيە مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لوۋېل رادىيو تېلېسكوپىنىڭ پارابولا يۈزلۈك ئانتېناسىنىڭ دىيامېتىرى 76 مېتىر بولۇپ، 1957 - يىلى ياسالغان چاغدا ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تولۇق ھەرىكەتلىك رادىيو تېلېسكوپى ھېسابلىناتتى. ھازىر، دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لوۋېل رادىيو ئاسترونومىيە ئىلمىي تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشقان ئەنگلىيەلىك بىر ئاسترونومنىڭ ئىسمى. رادىيو ئاسترونومىيەسى دېگىنىمىز، سىمسىز



رادىيو قوبۇللاش تېخنىكىسىنى ئاساسلىق كۆزىتىش ۋاستىسى قىلىپ، ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**3. «ئەففەلسبېرگ» (100 مېتىر)**

گېرمانىيەنىڭ بون شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان ئەففەلسبېرگ رادىيو تېلېسكوپى 1972 - يىلى ياسالغان بولۇپ، پارابولا يۈزلۈك ئانتېناسىنىڭ دى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





يامېتىرى 100 مېتىر، پارابولا يۈزلۈك دېسكىسى ئۈزۈنلۈكى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى 1.2 مېتىر بولغان 2372 دانە مېتال تاختىدىن بىرىككەن 17 دانە مەركەزداش چەمبەر ھالقىدىن تۈزۈلگەن. بۇ تېلېسكوپنىڭ كۆزىتىش دولقۇن بۆلىكى بەك كەڭ بولۇپ، 90 سانتىمېتىردىن ئۈچ مىللىمېتىرغىچە، سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، مىللىمېتىرلىق دولقۇن بۆلىكىدە ئىمپۇلس يۇلتۇزنىڭ رادىياتسىيەسىنى كۆزىتىپ، رادىيو يۇلتۇزلار سىستېمىسى، ھەرىكەتچان يۇلتۇزلار سىستېمىسى يادروسى، يۇلتۇزلار ئارا مولېكۇلا قاتارلىقلارنى كۆزىتىش جەھەتتىمۇ ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

**4. «يېشىل قىرغاق» (110 مېتىر)**

روبېرت بارد يېشىل قىرغاق تېلېسكوپى ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى ۋېنگىرىيە ئىشتاتىغا جايلاشقان، پارابولا يۈزلۈك ئانتېناسىنىڭ دىيامېتىرى 110 مېتىرغا يېتىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تولۇق ھەرىكەتچان رادىيو تېلېسكوپى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بازىسىدىكى يۆتكىلىشچان جىسىم ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 146 مېتىر، ئېغىرلىقى 7700 توننا. بۇ تېلېسكوپقا ئۆزگىچە ئوقتىن قېچىش لايىھەسى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، ئاسمان جىسىملىرى رادىياتسىيەسى بىۋاستە ئانتېنانىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، كۆلىمى ئۈنۈملۈك كېڭىيىدۇ. يېشىل قىرغاق تېلېسكوپى 2000 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، ئورنى ئامېرىكا «رادىيولۇق تىنچ رايون»نىڭ يادرولۇق مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە يان تېلېفون سىگنالى، سىمسىز تور، تېلېۋىزور ھەتتا مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقمۇ يوق. تېلېسكوپنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ ھەتتا قارنىڭ يەرگە چۈشكەندە پەيدا بولىدىغان سىگنالىنىمۇ سېزەلەيدۇ. 2011 - يىلدىن باشلاپ، ئۇ «كېپلېر» ئاسترونومىيە تېلېسكوپى بايقىغان يوشۇرۇن پلانېتالارنىڭ قىسمەنلىرىنى تاللاپ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ، كېيىنچە مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بار بولغان تاشقى پلانېتا مەدەنىيىتىنى ئىزدىمەكتە.

**5. «ئارەسىبو» (350 مېتىر)**

ئارەسىبو تېلېسكوپى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى پۇئېرتورىكو ئارىلىدىكى بىر تەبىئىي يانار تاغ ئېغىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كۆزىتىش كۆزىنىڭ دىيامېتىرى 305 مېتىر بولۇپ، كېيىن 350 مېتىرغا چوڭايتىلغان. بۇ تېلېسكوپ يۇقىرىدىكى ئايلىنىشچان تېلېسكوپلار بىلەن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ كالىبىرى بەك چوڭ، تىرەپ تۇرۇش ئىنتايىن قىيىن، مىدىرلىتىش ئۇنىڭدىنمۇ تەس، پەقەت ئورەك كولاپ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇشقىلا بولىدۇ. ھەرىكەتلەندۈرەلمەسلىك سەۋەبلىك، كۆزىتىش كۆ-



زىگە سفېرالىق ئاساسى ئەينەك ئورنىتىلغان بولۇپ، «قازان» نىڭ ئوخشىمىغان ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئوخشىمىغان يۆنىلىشتىكى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشكە بولىدۇ. 1963 - يىلى ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن بۇيان، ئالىملار بۇ تېلېسكوپ ئارقىلىق نۇرغۇن چوڭ بايقاشلارغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، 1974 - يىلى تايلور بىلەن خىرس بىر خىل يېڭى ئىمپۇلس يۇلتۇز - ئىمپۇلس قوش يۇلتۇزنى بايقاپ، 1993 - يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

**6. «تەڭرى كۆزى» (500 مېتىر)**

جۇڭگودىكى دىيامېتىر 500 مېتىر كېلىدىغان تەڭرى كۆزى تېلېسكوپى دۇنيادىكى دىيامېتىرى ئەڭ چوڭ تېلېسكوپى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرى كۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ تېخنىكىلىق نەتىجىسى شۇكى، ئۇ سفېرالىق كۆزىتىش ئەينىكىنى خالىغان ۋاقىتتا كەسمە يۈزلۈك كۆزىتىش ئەينىكىگە ئالماشتۇرۇشتەك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلغان، ھەمدە پارابولا يۈزلۈك كۆزىتىش ئەينىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەممىنى كۆزىتىش مەقسىتىگە يەتكەن. سىگنال قوبۇل قىلىشمۇ كۆپ ئاسانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىر يەڭگىل ۋە ئەپچىل بولغان يىغىش مەنبەسى بولسىلا بولىدۇ. تەڭرى كۆزىنىڭ دۇنيادىكى دىيامېتىرى ئەڭ چوڭ تېلېسكوپ بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ سفېرالىق كۆزىتىش ئەينىكى ئىشلەتكەندە، باشقا قىسمەن بۆلەكلىرىنىڭ پارابولا يۈزلۈك كۆزىتىش ئەينىكىگە ئاسان ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىدا.

**7. RATAN - 600 (576 مېتىر)**

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يەككە رادىيو تېلېسكوپ رۇسىيەنىڭ شىمالىدىكى كاۋكاز رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان RATAN - 600 بولۇپ، 1974 - يىلى ياسالغان. 900 گە يېقىن قايتۇرغۇچ بۆلەك بىر چەمبىرەك شەكلىدە قورشاپ، دىيامېتىرى 576 مېتىرلىق يەككە تەنلىك رادىيو تېلېسكوپىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ مەركىزى بولسا مەنبە يىغىش بۆلۈمچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق RATAN - 600 ئاساسىي ئېقىمغا تەۋە بولمىغان لېنتىسىمان را-



دىيو تېلېسكوپى بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

**8. VLA (سەپلىك)**

چوڭ سەپلىك تېلېسكوپ (VLA) ئامېرىكىنىڭ يېڭى مېكسىكا ئىشتاتىغا جايلاشقان بولۇپ، دىيامېتىرى 25 مېتىر بولغان 27 دانە رادىيو تېلېسكوپىنىڭ Y شەكلىدە تىزىلىشىدىن شەكىللەنگەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال ئاپېرتۇرالىق رادىيو تېلېسكوپى. كىشىلەر ئادەتتە تۆمۈر رېلىستا يەككە تېلېسكوپنى يۆتكەش ئارقىلىق تېلېسكوپ ئارىلىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمى-



غان سەپ شەكلىدىن پايدىلىنىپ كۆزىتىش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. رادىيو ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ئاتىسى كارل جانسكاينى ئەسلەش ئۈچۈن، ھازىر VLA نىڭ ئىسمى جانسكاي سەپلىك تېلېسكوپى دەپ ئۆزگەرتىلدى. قۇرۇلۇشى پىلانلىنىۋاتقان SKA (كىۋادراتى مىڭ مېتىرلىق سەپلىك تېلېسكوپ) جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى نەچچە مىڭ كىچىك رادىيو تېلېسكوپنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تېلېسكوپ بولۇپ قالغۇسى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيە ھېمىت**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# ھېكمەتلەر

سىرىڭنى ساقلا، ئەگەر ئۇنى ئاشكارىلىساڭ، قايتىدىن يوشۇرماق ئۇمىدىدە بولما، كۆڭۈلدىكى سىر خۇددى نەپەسكە ئوخشايدۇ، چىقارغان نەپەسنى ھېچكىم قايتۇرۇۋالالمايدۇ.

**— ئەلشىر ناۋايى**

سۆز بىر مەرۋايىتتۇر، ئۇنىڭ دەرياسى كۆڭۈلدۇر، كۆڭۈل — بىر روشەن ئېكران، ئۇ پۈتۈن مەنىلەرنى توپلىغۇچىدۇر. گۆھەر غەۋۋاسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دەريادىن جىلۋە نامايىشى قىلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى جەۋھەرىگە كۆرە زاھىر بولىدۇ، شۇنداقلا كۆڭۈلدىكى سۆز گۆھەرلىرىمۇ نۇتۇق ماھارىتىدە ئىختىساس ئىگىسى شەرىپىگە نائىل بولغانلار ۋاستىسى بىلەن زىننەتلىنىپ چىقىدۇ، سۆزنىڭ قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى سۆز ئىگىسىگە قاراپ بىلىنىدۇ ۋە شۆھرەت تاپىدۇ ... ياخشى سۆز بولسا، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن ئۆلۈك تەنگە پاك جان كىرىدۇ، يامان سۆز بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھىرى كىرىدۇ.

**— ئەلشىر ناۋايى**

ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئاساسى مۇنۇ سەككىز ئىشتۇر: بىرىنچى، ئىلىم ئۆگەنمەك، ئىككىنچى، نەپسىنى يىغماق، ئۈچىنچى، ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق، تۆتىنچى، راست سۆزلىمەك، بەشىنچى، خالىس ۋە ئادىل بولماق، ئالتىنچى، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن يىراق بولماق، يەتتىنچى، باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمەك، سەككىزىنچى، ھايالىق بولماق.

**— مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى**

# چەت ئەللەردىكى ياشانغانلار تۇرمۇشى

جۇڭگولۇقلاردا قەدىمدىن تارتىپ «قېرىغاندا تايانچىسىز قالماي دېسەڭ بالا باق» دەيدىغان قاراش بار بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ياخشى بېقىپ، ئۆلۈمىنى چىرايلىق ئۇزىتىش ئادەت بولۇپ قالغان قائىدە. ھازىر دەۋر ئۆزگىرىپ، ياشانغانلارنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياشانغانلارنى بېقىش ئۇسۇلىدىمۇ ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداقتا، بىز بىرلىكتە چەت ئەللەردىكى ياشانغانلارنىڭ قانداق تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

**ئەنگلىيەدە: «ياشانغانلار شەھىرى» دە مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.**

قېرىلار نوپۇسىنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيەدە ھازىر بېكىس فىل، ھايىس ساھىلى، ئىئاست باڭ قاتارلىق بىر قىسىم «ياشانغانلار شەھىرى» بارلىققا كەلگەن. بۇ ئورۇنلارنىڭ مەنزىرىسى بەك چىرايلىق بولۇپ، دەم ئېلىشقا چىققان ياشانغانلارنىڭ كۆچۈپ كېلىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ ئورۇنلاردا ياشاۋاتقان ياشانغانلار، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20% ـ 50% نى ئىگىلىگەن. كۈنسايىن زورىيىۋاتقان ياشانغانلار توپى ۋە ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان «ياشانغانلار شەھىرى» گە قارىتا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى غەمخورلۇق قىلىش» شەكلىنى قوللانغان.

دېيىلىۋاتقان مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى غەمخورلۇق قىلىش بولسا، بۇ مەركەزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئېھتىياجلىق بولغان كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى «ئېھتىياجلىق بولغان كىشىلەر» نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئاساسلىقى قېرىلار، ئاجىزلار، كېسەللەر ۋە مەجرۇھلار شۇنداقلا بالىلارنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى غەمخورلۇق قىلىش ئەنگلىيە ئىجتىمائىي مۇلازىمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلماقتا.

گەرچە، ئەنگلىيە مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى غەمخورلۇق قىلىشنىڭ نىشانى پەقەتلا ياشانغانلار بولمىسىمۇ، لېكىن ياشانغانلارنى بېقىش مەسىلىسىدە بۇ ئالاھىدىلىكنى ئەڭ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ياشانغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى غەمخورلۇق قىلىش ئەنئەنىۋى ياشانغاندا كۈتۈنۈشتىن پەرقلىنىدىغان بىر خىل يېڭى شەكىلدىكى ئۇسۇل بولۇپ قالغان. ئەنگلىيەنىڭ مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى غەمخورلۇق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىدە، مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى ياشانغانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى ئىمكانقەدەر مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەش ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ياكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش مۇھىتتا ياردەمگە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەنگلىيەدە سىرتقى جايلاردا كۈتۈنۈشمۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان، يەنى ئەنگلىيەدىكى ياشانغانلار ئۆز دۆلىتىدىكى تۇرالغۇلىرىنى سېتىپ، ئىسپانىيە، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق مال باھاسى بىرقەدەر تۆۋەن دۆلەتلەرگە بېرىپ كۈتۈنىدۇ. ئۇلار ئۇ دۆلەتلەردە كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ ياكى سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولغان تۇرالغۇلارنى سېتىۋالالايدىغان بولۇپ، ئۆز دۆلىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تۇرمۇش ۋە مۇلازىمەتتىن بەھرىلىنەلەيدۇ.

**ئامېرىكىدا: ياشانغانلار ياتىقى قارشى ئېلىنماقتا.**

www.uyghurkitap.com



ئامېرىكىدا بىرقەدەر ياخشى بولغان پېنسىيە كۈتۈنۈش تۈزۈمى بار بولۇپ، ياشانغانلارنىڭ كۈتۈنۈش ئۇسۇلى چوڭ جەھەتتىن، ياشانغانلار ياتىقىدا مۇستەقىل ياشاش؛ ھەرخىل ياردەمچى ئۈسكۈنىلەر بولغان ياشاش رايونىدا تۇرۇش؛ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلار بولسا پېنسىيىگە چىققانلار مەھەللىسىدە تۇرۇش؛ يۇقىرى ياشتىكىلەر كۈتۈش دوختۇرخانىسىدا تۇرۇش؛ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇشتىن ئىبارەت بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

كۆپلىگەن ئامېرىكىلىق ياشانغانلار ياشانغانلار ياتىقىدا تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەتتىكى ياشانغانلار ياتىقىدا نەچچە ئېغىز يالغۇز كىشىلىك ياتاق بار بولۇپ، پەقەت 55 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلارغا ئىجارىگە بېرىلىدۇ. بۇنداق ياتاقلار بىرقەدەر تىنچ بولۇپ، بۇ يەردە يەنە باشقا ياشانغانلار بىلەن ھەمدەمدە بولغىلى بولىدۇ.

**كانادادا: ياشانغانلار خۇسۇسىي تۇرالغۇ ئۆيى ياكى ياشانغانلار ساناتورىيەسىنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىلىدۇ.**

كانادا بولسا يۇقىرى پاراۋانلىق كۈتۈنۈش دۆلىتى. كانادادىكى ياشانغانلار ناھايىتى خۇشال ھەم قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ كۈتۈنۈش پۇلى ئاساسلىقى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

بىرىنچى قىسمى، كانادا ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى پىلانى، قىسقارتىلىپ CPP دېيىلىدۇ. كانادادا خىزمەت قىلىدىغانلار ھەر يىلى چوقۇم ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى ئۈچۈن بەلگىلىك ئۆلچەمدە پۇل تاپشۇرىدۇ. خىزمەتكە ياللىغۇچى يېرىمىنى، ئۆزى يېرىمىنى تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ھەممىنى ئۆزى تاپشۇرۇشقا توغرا كەلسە قوش كىشىلىك تاپشۇرىدۇ. 65 ياشتا پېنسىيەگە چىققاندا، ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مائاشىنىڭ 25% نى ئالىدۇ.

ئىككىنچى قىسمى، ياشانغانلار كاپالەت پۇلى، قىسقارتىپ OAS دېيىلىدۇ. OAS نىڭ پۇلى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت بېجىدىن كېلىدۇ. ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي كاپالەت پىلانىغا تەۋە بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر تۇپىنىڭ پېنسىيە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۇقرالار ياكى دائىمىي ئاھالىلار ئون سەككىز ياشتىن كېيىن كانادادا ئون يىل تۇرغان بولسا، پېنسىيە يېشىغا توشقاندا ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ.

ئۈچىنچى قىسمى، شەخسىي جۇغلانما، مەبلەغ سېلىش پايدىسى ۋە شەخسىي پۇل ئامانەت كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پىلانى قىسقارتىلىپ RRSP دېيىلىدۇ. ھۆكۈمەت شەخس ھەمدە شەخسنىڭ پېنسىيە ئىسچوتنى بالدۇر پىلانلاشنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى شەخسلەرنىڭ ئالدىنقى بىر يىلدىكى خىزمەت كىرىمىنىڭ 18% نى RRSP ئىسچوتىغا سېلىشقا قوشۇلغان ھەمدە شەخسىي باج كىرىمى جەھەتتە كۆپ ئېتىبار بەرگەن.

پۇل تاپشۇرىدىغان ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى پىلانىدىن باشقا، كانادا ھۆكۈمىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇشقا كىرىشكەن ياشانغانلار ياتىقى ياكى ياشانغانلار مەھەللىسىدىمۇ ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان. كانادا ياشانغانلار ياتىقىنىڭ كۆپىنچىسى بىر ئائىلە بىر نوپۇس شەكلىدە بولۇپ، ئىجارە ھەققى ئولتۇرغۇچىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 30% گە تەڭ بولىدۇ. ئومۇمەن 59 ياشتىن ئاشقان ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلالايدىغان ياشانغانلارنىڭلا ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆلكە، شەھەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئولتۇراق بىرلەشمىسىگە ئىلتىماس يوللاش سالاھىيىتى بار. ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان مېيىپلارغا قارىتا ھۆكۈمەت ئايرىم كۈتۈش دوختۇرخانىسى بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، ئادەتتە بۇ كۈتۈش دوختۇرخانىلىرىنى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى دوختۇرخانىلار باشقۇرىدۇ. يەنى بىر ئادەم بىر ئايرىمخانىدا تۇرىدىغان بولۇپ، ياتاق ۋە تاماق شارائىتى ناھايىتى ياخشى.

گەرچە ھۆكۈمەتتىن تەمىنلىنىدىغان ياشانغانلار ياتىقى داۋاملىق كېڭەيتىلىپ، چىقىمى تۆۋەنلىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قېرىلىشىش سۈرئىتى تېزلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، نۇرغۇن ياشانغانلار يەنىلا ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ ئاندىن بۇ ئۆيلەرگە كۆچۈپ

كىرەلەيدىكەن. ھەتتا بەزىلىرىگە تاكى ئۆلۈپ كەت-
كۈچە نۆۋەت كەلمەيدىكەن. شۇڭا ھۆكۈمەت خۇسۇ-
سىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ياشانغانلار ياتىقى ياكى
ياشانغانلار ساناتورىيەسىنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ قۇرۇ-
لۇشىنى قوللايدۇ. لېكىن بۇ خۇسۇسىيلار ئىگى-
دارچىلىقىدىكى ياشانغانلار ياتىقى ياكى ياشانغانلار
ساناتورىيەسىنىڭ ئايلىق ئىجارە ھەققى ئادەتتە
تەخمىنەن 2000 كانادا دوللىرى (تەخمىنەن 9888
يۈەن خەلق پۇلى) ئەتراپىدا ياكى تېخىمۇ يۇقىرى
بولىدۇ. مەسىلەن، ئازىراق خەير ـ ساخاۋەت خا-
راكتېرىنى ئالغان بىر خۇسۇسىي ياشانغانلار سانا-
تورىيەسى ھەربىر ياشانغان كىشىدىن ھەر ئايدا
1900 كانادا دوللىرى ئالغان بولسا، بۇ تەخمىنەن
9000 يۈەن خەلق پۇلى ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىجارە
ھەققى بىرقەدەر تۆۋەن بولغانلىقتىن ھەر يىلى يىل
بېشىدا ساناتورىيەگە كىرىشكە ئۆچرەتتە تۇرىدىغان
ياشانغانلار ئون نەچچىگە يېتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى
كارىۋات سانى چەكلىك بولغاچقا، پەقەت بۇ يەردە
كۈتۈنۈۋاتقان ياشانغانلاردىن بىرەرسى ئالەمدىن
ئۆتسە ياكى باشقا كۈتۈش دوختۇرخانىسىغا يۆتكەل-
سە، ئاندىن ئۆچرەتتە تۇرغان كىشىلەر ئىچىدىكى
بىرەيلەننىڭ كىرىشىگە ئىمكان بولىدۇ.

**گېرمانىيەدە: «بىرگە ياشاش» ئۇسۇلى قوللىنىل-
ماقتا.**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گېرمانىيەدە بىر خىل
يېڭىچە كۈتۈنۈش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ،
يەنى جورىسىدىن ئايرىلغان ياشانغانلار ئۆزئارا
ھەمراھ بولۇپ بىللە ياشاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق
بولغاندا ياشانغانلار بىر تەرەپتىن ئۆزئارا غەمخور-
لۇق قىلىش ۋە ھەمراھ بولۇش ئارقىلىق خۇشاللىق
تېپىپ، روھىي ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، يەنە بىر
تەرەپتىن خىراجەتنىمۇ تېجىگىلى بولىدۇ.

خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، گېرمانىيەدىكى مەش-
ھۇر شەھەر دىرېسدېندا قايتىدىن رېمونت قىلىپ
ياسالغان سەككىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ بىنادا
«دوستلار ئائىلىسى» قۇرۇلغان، ياشانغان ئالتە
دوست بۇ يەردە تۇرغىلى بىر يىلدىن ئاشقان، ئۇلار-
نىڭ بەشى ئايال، بىرى ئەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارد-
سىدىكى بىر ياشانغان ئايالنىڭ جورىسى ئۈچ يىل
بۇرۇن تۇيۇقسىز قازا قىلغانىكەن. ئۇ زىيادە ئازاب-
لىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن
كۆچۈپ كەتمەكچى بولغان. ئۇ تونۇشقىلى 60 يىل
بولغان بىر دوستى بىلەن بۇ «دوستلار ئائىلىسى»
نىڭ ئۆيلىرىنى ۋە مۇھىتىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ
قالغان ۋە كۆچۈپ كىرگەن. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەل-
گەندىن كېيىن كۆپچىلىك ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلگەن-
لىكتىن، ئۇمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدىغان بول-
غان. بۇ يەردىكى ياشانغانلار ئاز بولغاندا بىر ھەپ-
تىدە بىر قېتىم بىللە تاماق يەيدىكەن، ئۇلار يەنە
بىللە سىرتقا چىقىپ ئوينايدىكەن، بىللە تىياتىر-
خانىغا بارىدىكەن، ئارىسىدا بىرسى كېسەل بولۇپ
قالسا ياكى يارىلانسا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يار-
دەم قىلىپ بېرىدىكەن.

**ياپونىيەدە: پېنسىيەگە چىقسىمۇ ئۆزىنى بېغىشلاش-
نى داۋاملاشتۇرىدۇ.**

مۆلچەرلىنىشىچە، ياپونىيەنىڭ قېرىلىشىش
نىسبىتى 2025 ـ يىلىغا بارغاندا تەخمىنەن 30%
بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. دېمەك، ياپونىيەدە قېرى-
لىشىش ئىنتايىن ئېغىر دېگەن گەپ. شۇڭا، ئەم-
گەك كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن ياشانغانلارنىڭ بۇ
«قىزغىنلىقى» جەمئىيەت تەرىپىدىن يەنە بىر قې-
تىم ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن.

توكيو قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى ياشانغانلار
كۆپىنچىسى يېزىلاردىن كەلگەن بولغاچقا، پېنسى-
يەگە چىققاندىن كېيىن، ياشانغانلار يۇرتىغا قايتىپ
ھەم يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك مە-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلىسىنى ھەل قىلسا، ھەم ئۆز نېنىنى ئۆز تېپىپ يەپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ زور قوللىشىغا ئېرىشكەن.

توكيودا بىر ئالاھىدە بېقىش سايمانلىرى شىركىتى بولۇپ، خادىملارنىڭ ھەممىسى 70 ياشتىن ئاشقانلار ئىكەن. بۇ شىركەت ئاساسلىقى ياشانغانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق بولغان ھەرخىل بېقىش سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. چۈنكى بۇ شىركەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ياشانغانلار بولغاچقا، ياشانغانلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىلگەنلىكتىن، ياساپ چىققان مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى قارشى ئېلىنغان.

ياپونىيە ھۆكۈمىتى يەنە بېقىش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويغان بولۇپ، تۇرمۇشتا ئۆز ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ياكى ھەرىكىتى قولايسىز، دېۋەڭلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ياشانغانلارنى مۇكەممەل مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەن.

**سىنگاپوردا: ياشانغانلار بىلەن باللارنى بىللە باقىدۇ.**

سىنگاپور تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق ياشانغاندىكى كۈتۈنۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. بىرىنچى خىلى بولسا، ئائىلىدە كۈتۈنۈش. سىنگاپور ھۆكۈمىتى تېخىمۇ كۆپلىگەن ئائىلىلەردە «قۇرۇق قېلىش ھالىتى» نىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆي سېتىۋالغۇچىغا بىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بەلگىلىگەن. يەنى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇشتا ياكى ئالغان تۇرالغۇسى ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرالغۇسى بىلەن يېقىن بولۇشقا قوشۇلغان. ئۆي سېتىۋالغۇچى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ، تەستىقلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدا 30 مىڭ سىنگاپور دوللىرىنى (تەخمىنەن 140 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى) ئاز تاپشۇرىدىكەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت ياشلارنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇزۇش ئىكەن.

ئىككىنچى خىلى بولسا، كۈندۈزلۈك كۈتۈنۈش. ياشانغانلار ۋە باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان، ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى خىزمەتچى ئائىلىلەرگە قارىتا سىنگاپور ئۈچ بىرلەشمە ئائىلە مەركىزىدىن ئىبارەت ئورگان قۇرۇپ، ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئۈچىنچى خىلى بولسا، ئورگاندا كۈتۈنۈش. بۇ دۆلىتىمىزدىكى ھەرخىل كۈتۈنۈش ئورگانلىرىنىڭ ياشانغانلار ياتىقىنى تەسىس قىلغانغا ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەندىن ئىبارەت ئوخشىمىغان ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بار.

**تۈركىيەدە: ئارامخۇدا گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.**

تۈركىيەلىكلەرنىڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئەڭ چوڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى بولسا شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، شەھەر سىرتى ياكى يېزىلارغا بېرىپ، سەھرا تۇرمۇشىغا قايتىشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ خىل خىيال كۆپلىگەن تۈركىيە ياشانغانلىرىنىڭ يۈرەك سۆزىگە ۋەكىللىك قىلماقتا.

ئادەتتە كۆپلىگەن تۈركىيەدىكى ياشانغانلار پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن كۈتۈنۈش ئورنىنى تاللاپ قويىدۇ. تۈركىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شەھەر ئەتراپى ۋە يېزىلار ناھايىتى قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن بولۇپ، جەنۇب تەرەپنىڭ ھاۋا كىلىماتى شىمال تەرەپكە قارىغاندا تېخىمۇ ئىسسىق، تېخىمۇ نەم.

كىشىلەر سەھرا تۇرمۇشىغا قايتسا سەھرانىڭ تىنچلىقى ۋە ئارامخۇداللىقىدىن ھوزۇرلانغاندىن سىرت، ئۆز قولى بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرگەن كۆكتاتلارنى تېرىپ، توخۇ، ئۆردەكلەرنى باقالايدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى بولغان ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى تۈركىيەلىك ياشانغانلار ئۈچۈن ساغلاملىق ئاتا قىلغان. يەنى، سەھرادا تەبىئىي ساغلام يېمەكلىكلەرنى يەپ، پاكىز يېڭى ھاۋادىن نەپەسلەنگەچكە، ياشانغانلارنىڭ سالامەتلىكى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**
**مۇھەررىر: نۇرشات ئابدۇرىشىت**

# ئېغىز ئۇيقۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش

نۇرمۇھەممەت ئىمىن روزى
(پەيزىۋات ناھىيەلىك نۇرمۇھەممەت سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى)

ئېغىز ئۇيقۇ بولسا ھەرخىل ئامىللارنىڭ مېڭە ۋە نېرۋا توقۇلمىلىرىغا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە روھ، قۇۋۋەتلەرنىڭ ئايلىنىشى قالايمىقانلىشىپ نورمال ئۇخلاش ۋاقتىدىن ئارتۇق بولۇش ۋە كۈچلۈك غىدىقلىنىشلارغىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس بولماسلىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيقۇ ۋاقتى نورمال ئۇخلاش ۋاقتىدىن كۆپ بولىدۇ، يەنى 9 ـ 12 سائەتكىچە بولىدۇ، سىرتقى غىدىقلىنىشلارغىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس بولمايدۇ، ئويغاتماق ناھايىتى قىيىن بولىدۇ ياكى ئويغاتقىلى بولمايدۇ. ئەقلىي قابىلىيىتى سۇسلىشىدۇ، ئۇنۇتقاق بولۇپ قالىدۇ، باش ئېغىرلىشىش، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بۇ كېسەللىك خىلتسىز ھۆل سوغۇق كەيپىياتى، تەمسىز بەلغەم خىلتى، قان خىلتىنىڭ سويۇلۇپ كېتىشى، سىرتقى زەخىملىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە مېڭە ۋە نېرۋا خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ، روھ، قۇۋۋەتلەرنىڭ ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇللىرى:

1. جىنتىيانادىن 20 گىرام، ھەسەلدىن 300 گىرام ئېلىپ، ئۇلارنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم تەييارلاپ باش قىسمىغا سۈرتۈپ بەرسە بولىدۇ.

2. قۇندۇز قەھرىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، باش ۋە پۇتنى مايلاپ بەرسە بولىدۇ.

3. ئىپار، قۇندۇز قەھرى، ئىگىر قاتارلىقلارنى پۇراپ بەرسە بولىدۇ.

4. تۇز بىلەن تېرىقنى قورۇپ، ئۇنى باش قىس-



uyghurkitap.com



مىغا تېگىپ بەرسە بولىدۇ.

5. ئۈچ گىرام قۇندۇز قەھرىنى يۇمشاق سوقۇپ ساپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن يېسە بولىدۇ.

6. ئارپېبەبەدىيانىنى كۈندە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 50 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

7. ئەرقى كاسنەنى كۈندە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 40 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

8. ئەنجىباھار شەربىتىنى كۈندە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 30 مىللىلىتىردىن ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

9. ئانار چېچىكى گۇلقەنتىنى كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 20 گىرامدىن يېسە بولىدۇ.

10. مەجۇنى داۋائىلمىشكىنى كۈندە ئۈچ قېتىم، تاماقتىن كېيىن ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە بولىدۇ.

11. جەۋھەرى مۇپەررىھ ئەبرىشىمنى كۈندە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 10 مىللىلىتىردىن يېسە بولىدۇ.

12. ئىترىفىل كەبىرنى كۈندە ئىككى قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن يېسە



بولىدۇ.

13. خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىنى كۈندە ئىككى قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن يېسە بولىدۇ.

14. خېمىرى مەرۋايىتنى كۈندە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن يېسە بولىدۇ.

15. ماددەتۇل ھاياتنى كۈندە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن، ھەر قېتىمدا 10 گىرامدىن يېسە بولىدۇ.

پەرھىز قىلىدىغان ئىشلار:

1. تەستە ھەزىم بولىدىغان، غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچى ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئاز يەپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆپرەك يېيىش كېرەك. مەسىلەن، كەكلىك گۆشى، قۇشقاچ گۆشى، باچكا گۆشى، پاقلان گۆشى، كىيىك گۆشى، يارما ئاش، نوقۇت ئېشى، ئۈگرە، پىننە، دارچىن، زەنجىۋىل، چامغۇر، سەۋزە، پالەك، پەمىدۇر، قىزىلچا، ياڭاق، خورما قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2. كۆپ ئۇخلاشتىن، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشتىن، كۆپ چارچاشتىن، مەست قىلغۇچى بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىشتىن، غەم - ئەندىشە ۋە ئاچچىقلىنىشتىن، سوغۇق مۇھىتتا تۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

3. مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش، روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇش، مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ سەيلە قىلىش، ھاۋالىق، يورۇق ئۆيدە مۇۋاپىق ئارام ئېلىش لازىم.

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# ياش ۋە ئوتتۇرا ياشتىكىلەر سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ئېتىبار بېرىشى كېرەك

دىلشات ئىسمايىل
(قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق 2 ـ دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمى)

سالامەتلىك تەكشۈرتۈش تىلغا ئېلىنسىلا، كۆ ـ
پىنچە ھاللاردا ياشانغانلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ،
چۈنكى ياشانغانلار ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياكى ئۇششاق ـ
چۈششەك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بولىدۇ.
شۇ سەۋەبلىك ئۆز سالامەتلىك ئەھۋالىغا بەكرەك
ئېتىبار بېرىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئىستىكىمۇ
كۈچلۈك بولىدۇ، ھەمدە ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئاسا ـ
سەن ئۆيدە بولغانلىقى ئۈچۈن سالامەتلىكىگە دىققەت
قىلىپ تۇرالايدۇ، ھەم ۋاقىت چىقىرىپ قەرەللىك
ساغلاملىق تەكشۈرتۈپ تۇرىدۇ.

ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۆزىنى ناھايىتى
ساغلام دەپ قاراپ، قەرەللىك سالامەتلىك تەكشۈر ـ
تۈپ تۇرۇشقا دېگەندەك ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ،
ئايرىم ساندىكى كىشىلەر سالامەتلىكىدە ئېنىقلا
كېسەللىك بېشارەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، ھەر ـ
خىل سەۋەبلەرنى بانا قىلىپ، سالامەتلىك تەكشۈر ـ
تۈشكە ئېتىبار بەرمەيدۇ. 47 ياشقا كىرگەن بىر
دوستۇمغا، بىر قېتىملىق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ـ
تە جىگەردە قاداق بارلىقى ھەمدە قەرەللىك تەك ـ
شۈرتۈپ تۇرۇشى تەكىتلەنگەن، لېكىن دوستۇم
خىزمەتنى بانا قىلىپ، قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇ ـ
رۇشتىن ئۆزىنى تارتىپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزۈۋەت ـ
كەن، تاكى قاتتىق ئاغرىپ بىئارامسىزلىق كۆرۈلۈپ
قايتا دوختۇرغا كۆرۈنگەندە جىگەر راكىنىڭ ئا ـ
خىرقى باسقۇچىغا كېلىپ قالغانلىقى بايقالغان،
كېيىن شارائىتى ياخشى دوختۇرخانىدا داۋالانغان
بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردا، نۇرغۇن 30 ـ 45
ياشتىكى كىشىلەردە تۇنجى قېتىم سالامەتلىك تەك ـ
شۈرتكەندە «ئۈچ يۇقىرىلاش» (قان بېسىمى يۇقى ـ
رىلاش، قاندىكى ماي مىقدارى يۇقىرىلاش، قان شې ـ
كىرى يۇقىرىلاش)، تاجسىمان يۈرەك كېسىلى،
جىگەرنى ياغ قاپلاش، بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كې ـ
سەللىكلەر بايقالغان، بەزى چوڭ شەھەرلەردە 30 ـ 45
ياشتا قاندىكى ماي مىقدارى يۇقىرىلاپ كەتكەن ئەر ـ
لەر شۇ شەھەردىكى نوپۇسنىڭ يېرىمىنى ئىگىلى ـ
گەن. شۇڭا، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشتىكىلەر سالامەتلىك
تەكشۈرتۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كېسەل ـ
لىكلەرنىڭ نورمالسىز كۆرسەتكۈچلىرىنى بۇرۇنراق
بايقاپ، ۋاقتىدا تۈرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ،
ئاكتىپلىق بىلەن قەرەللىك داۋالىتىش ئېلىپ بې ـ
رىپ، كېسەللىكنىڭ كېيىن ئېلىپ كېلىدىغان
خەتىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈشىنى قولغا
كەلتۈرۈش كېرەك. نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى بۇرۇن
بايقاپ داۋالاتقان بىلەن كېيىن داۋالاتقانىنىڭ ئوتتۇ ـ
رىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، ھەتتا داۋالات ـ

مىغان بىلەن باراۋەر. ئالايلۇق، مەلۇم بىر دوختۇرخانا خىزمەتچىلەرنى قەرەللىك سالامەتلىك تەكشۈرتكۈزگەن، ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ سۈت بېزىنى B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئاپپاراتىدا تەكشۈرگەن. بىر ياش ئايال سېستىرا 27 ياشتا بولۇپ، ئەمدىلا توي قىلغان ئىكەن، سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە سۈت بېزى ئىچىدە ئىنتايىن كىچىك سايە بايقالغان، ئۇ تېببىي خادىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قاراپ، دەرھاللا تاشقى بۆلۈم مۇدىرىنى ئىزدەپ، تەپسىلىي تەكشۈرتكەندە سۈت بېزى راكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ چىققان. كېسەللىك تېخى ئەتراپتىكى توقۇلمىلارغا تارقالمىغانلىقتىن ئاددىي داۋالىتىش ئارقىلىقلا ساقىيىپ كەتكەن ھەم بالىلىقمۇ بولغان. ئەمەلىيەتتە ياشانغانلاردىكى سۈت بېزى راكى ئەگەر ۋاقتىدا بايقالسا، داۋالاش ئۈنۈمى ياشلاردىكى سۈت بېزى راكى بىمارلىرىنىڭكىدىن ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنى قانچە بۇرۇن بايقاپ، دورا ئىچىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىسا ئۇنىڭ ئۈنۈمى تەرتىپسىز دورا ئىشلىتىدىغان بىمارلاردىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. ئۇزۇن يىل خورەك تارتىدىغان كىشىلەر (ياش ۋە ئوتتۇر ياشلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ)، خورەكنىڭ خەتىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار خورەكنىڭ، يۇقىرى قان بېسىم، دىيابېت كېسىلى، يۈرەك - مېڭە قان تومۇر كېسىلى، سېمىزلىك، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەنلەش قاتارلىق بىر قاتار كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا ئاندىن شۇ كېسەللىكلەرنى داۋالىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ، لېكىن يەنىلا خورەكنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئويلىماي، نەچچە يىللاپ كېسەللىك ئازابىنى تارتىپ يۈرىدۇ، خورەكنى يوقىتىدىغان ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت



قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەرەللىك سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئالمىغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆپچىلىك بەلكى قەرەللىك سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك قانچىلىك ۋاقىتتا بىر قېتىم قەرەللىك سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ تۇرسا بولىدىغاندۇ، دېگەن سوئالمۇ تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. ئادەتتىكى ئەھۋالدا پۈتۈن بەدەنلىك سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنىڭ قېتىم سانى ياش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە 30 ياشتىن تۆۋەنلەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم، 30 ياشتىن 50 ياشقىچە كىشىلەر بىر يىلدا بىر قېتىم، 50 ياشتىن ئاشقان كىشىلەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرتۈپ تۇرسا مۇۋاپىق بولىدۇ. تەكشۈرتۈش تۈرلىرىنى تاللاشتا شۇ كىشىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا قاراپ مۇناسىپ تۈرلەرنى تاللىسا ياكى ساغلاملىق تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان خادىملارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالسىمۇ بولىدۇ.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھىمىت**

# ھالاكەت ئارىلىنىڭ سىرى

بۇ كەڭرى ئالەمدە تۈرلۈك - تۈمەن ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ناۋادا مەن سىزگە ئادەم يەيدىغان ئارال بار دېسەم، بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە كانادادىكى نوۋاسكوتىيا يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 300 كىلومېتىر كېلىدىغان دېڭىزدا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر ئادەم يەيدىغان ئارال بار. كىشىلەر ئۇنى «ئەزرائىل ئارىلى» دەپ ئاتايدۇ. ئەزرائىل ئارىلى بولسا دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك «پاراخوت چۆكتۈرىدىغان» ئارال، بۇ يەردە چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 500 دىن، قازا قىلغانلار 5000 دىن ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەتراپتا ياشايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن «ئاتلانتىك ئوكيان قەبرىستانلىقى»، «ئالۋاستى ئارىلى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەزرائىل ئارىلىنىڭ ئەسلىي نامى سابىل ئارىلى، بۇ ئارالنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 1.6 كىلومېتىر، ھىلال ئاي شەكلىدە، كۆلىمى تەخمىنەن 80 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيان، كىچىك ئارال شەرققە 20 كىلومېتىر سۈرۈلگەن، بۇ يىلىغا 100 مېتىردىن يۆتكەلگەن بىلەن باراۋەر.

تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، يىراق قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا سابىل ئارىلىدىكى نەچچە يۈز مېتىر قېلىنلىقتىكى ئاقما قۇمنىڭ ئاستىدا ھەرخىل قاراقچى كېمىلىرى، بېلىقچى كېمىلىرى، يۈك پاراخوتلىرى ھەممىدە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئوكيان پاراخوتلىرى كۆمۈلۈپ قالغان.

1800 - يىلى، كىشىلەر نوۋاسكوتىيا يېرىم ئارىلىدا نۇرغۇن ئالتۇن تەڭگە، ئۈنچە - مەرۋايىت ھەمدە يورك كېنەز ئائىلىسىنىڭ بەلگىسى بېسىلغان كىتاب ۋە ياغاچ بۇيۇملارنى بايقىغان. بۇ ئىش ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. چۈنكى ئەينى يىلى ئەنگلىيەدىن يولغا چىققان «فىرانسىس» ناملىق پاراخوت نوۋاسكوتىيا يېرىم ئارىلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىز - دېرىكى بولمىغانىدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى «فىرانسىس» ھادىسىگە يولۇققاندىن كېيىن پاراخوتتىكىلەر سابىل ئارىلىغا چىقىۋالغان، بىراق يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، پاراخوتتىكى مال - مۈلۈكلەر بۇلانغان، دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. كېيىنكى تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئېنىقلانغان، ئەسلىدە رەھىمسىز دېڭىز قۇمى كېمە خادىملىرىنى كېمە بىلەن تەڭلا يۇتۇپ كەتكەنىكەن.

بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ «ئامېلىيە مەلىكە» ناملىق پاراخوتى سابىل ئارىلى ئەتراپىدىكى ئاقما قۇمغا چۆكۈپ كەتكەن، پاراخوتتىكىلەرنىڭ بىرىمۇ ھايات قالمىغان. خەۋەرنى ئاڭلاپ تېزلىكتە قۇتقۇزۇشقا كەلگەن ئەنگلىيەنىڭ يەنە بىر پاراخوتىمۇ ئوخشاش تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ سابىل ئارىلىغا دەرھال ماياك ئورنىتىش ھەمدە قۇتقۇزۇش پونكىتى تەسىس قىلىش قارارىغا كەلگەن.

1802 - يىلى، سابىل ئارىلىدا تۇنجى قۇتقۇزۇش پونكىتى قۇرۇلغان. قۇتقۇزۇش پونكىتىدا تاختايدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com



ياسالغان بىر كەپە بولۇپ، كەپىنىڭ يېنىدىكى ئات ئېغىلىدا بىر توپ قاۋۇل ئاتلار بېقىلغان. تۆت قۇتقۇزغۇچى ھەر كۈنى ئاتلىق ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئارال ئەتراپىنى چارلاپ، ئۆتكەن-كەچكەن كېمىلەرنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىگە دىققەت قىلغان.

قۇتقۇزۇش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. 1879 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئامېرىكىنىڭ 129 يولۇچى ئولتۇرغان «شىنتات ۋېرگىنىيە» ناملىق يولۇچىلار پاراخوتى نيۇيوركتىن ئەنگلىيەنىڭ گىلاسگوۋغا قاراپ كېتىۋېتىپ يولدا قويۇق تۇمانغا ئۇچراپ بەختكە قارشى سابىل ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق ساھىلىدا توختاپ قالغان. قۇتقۇزۇش پونكىتىدىكىلەرنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ئاستىدا، پاراخوتتىكى خادىملار ئوڭۇشلۇق خەتەردىن قۇتۇلغان.

1840 - يىلى 1 - ئايدا، ئەنگلىيەنىڭ «مىرتېر» ناملىق پاراخوتى بوران - چاپقۇنغا ئۇچراپ، سابىل ئارىلىدىكى تېيىز كۆچمە قۇم ساھىلىغا كىرىپ قالغان. پاراخوتتىكىلەر جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئالدىراپ كېتىپ، قۇتقۇزۇش خادىملىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا، ئارقا - ئارقىدىن دېڭىزغا سەكرىگەن، نەتىجىدە ھەممىسى ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئىككى ئايدىن كېيىن ئادەمسىز «مىرتېر» ناملىق پاراخوتنى قارا بوران دېڭىز ساھىلىدىن دېڭىز يۈزىگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەن. ئازۆر تاقىم ئارىلىدا يەنە بىر قېتىم تېيىز يەردە توختاپ قالغاندا كىشىلەر ئاندىن ئۇنى بايقىغان.

1898 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، فرانسىيەنىڭ «لا بورگېن» ناملىق پاراخوتى مۇشۇ دېڭىز تەۋەلىكىگە كەلگەندە، تۇساتتىن بىنورمال ئەھۋال كۆرۈلۈپ ئۇسكۈنىلەر ئىشلىمەس بولۇپ قالغان. كاپىتان شۇئان رېمونت قىلىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، كاشىلا چىققان جايىنى تەكشۈرۈپ تاپالمىغان. كېمە جىن چاپلاشقاندەك سابىل ئارىلى تەرەپكە قاراپ ماڭغان، ماڭغانسېرى تېزلىشىپ، ئەسلىدىكى يۆرۈش لىنىيەسىدىن بارغانسېرى چەتنەپ كەتكەن. كاپىتان تۇيۇقسىز بۇ يەرنىڭ «پاراخوت چۆكتۈرىدىغان ئارال» نىڭ دېڭىز تەۋەلىكى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، خەتەرگە يولۇققانلىقىنى بىلىپ كېمىدىكىلەرنى جىددىي ئېلىپ قېچىشقا بويرۇق چۈشۈرگەن. بەش مىنۇتتىن كېيىن كىشىلەر قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئاڭلىغان، پاراخوت سابىل ئارىلىغا سوقۇلغان.

ئارالدىكى تېيىز قۇم ساھىلى دائىم يۆتكىلىپ تۇرغاچقا، كىشىلەرگە ساھىلدىكى پاراخوتلارنىڭ قالدۇقلىرىنى بايقاشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. 19 - ئەسىردە، ئامېرىكىنىڭ بىر تېز سۈرئەتلىك يەلكەنلىك كېمىسى ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن، 40 يىل بۇرۇن ئۇ كېمىنىڭ گەۋدىسى دېڭىزدا كۆرۈنگەن، بىراق يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن كېمە گەۋدىسىنى 30 مېتىر ئېگىزلىكتە قۇم بارخانلىرى بېسىپ كەتكەن.

1963 - يىلى، ئارالدىكى ماياك باشقۇرغۇچىلار قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ سۆڭىكى، ئۆتۈكىنىڭ مىس كەمەر توقىسى، بىر مىلتىق ۋە بىر قانچە دانە ئوق، يەنە 1760 - يىلى قۇيۇلغان 12 دانە دۇبۇلاڭ تىللاسىنى بايقىغان. كېيىن يەنە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىشلىتىلگەن بىر مىليون فوندستېرلىڭلىق بىر دەستە ئەنگلىيە قەغەز پۇلىنى تاپقان.

سابىل ئارىلى كانادا خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، پاراخوتلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئارالغا زامانىۋى قۇتقۇزۇش پونكىتى، گىدرومېترولوگىيە پونكىتى، ھاۋارايى پونكىتى، رادىيو ئىستانسىسى، ماياك قۇرۇلدى ھەمدە تىك ئۇچار ئايروپىلان سەپلەندى. ھەر كۈنى گۈگۈم پەردىسى يېيىلغاندا، 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدىن ئارالنىڭ شەرق ۋە غەربىدە ئىككى ماياكنىڭ چاقناپ

تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، پاراخوتلار ماياك يورۇقىنى كۆرۈپ بۇ رايوندىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىدۇ.

ئارالدىكى رادىيولۇق يول باشلاش ئىستانسىسى بۇ يەردىن ئۆتكەن پاراخوتلارغا كېچە-كۈندۈز توختىماي ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى تارقىتىپ تۇرىدۇ. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان پاراخوتلارنىڭ بۇ ئارالدا تالاپەتكە ئۇچراش ۋەقەلىرى زور دەرىجىدە ئازايغان بولسىمۇ، سابىل ئارىلىغا دائىر رىۋايەتلەر كىشىلەرنى بۇ قورقۇنچلۇق قەبرىستانلىقتىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

سابىل ئارىلى كانادانىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېقىن بولسىمۇ، بىراق ئارالدا بىرەر تال گىياھمۇ يوق. ئەسلىدە ئارالدا كۆپ مىقداردا ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى بار بولۇپ، ئۇلار ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك زور ماگنىتنى شەكىللەندۈرگەن. پاراخوتلار بۇ ئەتراپتىن ئۆتكەندە ماگنىتنىڭ تەسىرىدە بارلىق ئۈسكۈنىلەر سەزگۈرلۈكىنى يوقىتىدىكەن، پاراخوتلارنىڭ پولات سىرتقى قېپى ئارالنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە چوڭقۇر قۇملۇق ساھىلغا پېتىپ قالىدىكەن، بۇ قۇملار كۆچۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئوكيان ئېقىمى يۆنىلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن قۇمغا كۆمۈلۈپ ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولىدىكەن.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ساتتار غوپۇر**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# ئاپتورلار سەمىگە

ژۇرنىلىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان كەڭ ئاپتورلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشقا ۋە قەلەم ھەققىنى تارقىتىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى سەمىمىيلىك بىلەن ئەسكەرتىمىز.

1. ئەسەر ئەۋەتكەندە ئېنىق ئادرېسىڭىز، ئىسىم - فامىلىڭىز قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىلىشىنى كىملىكتىكى يېزىلىشى بويىچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىڭ. پوچتا نومۇرى ۋە يانفون نومۇرىڭىزنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇماڭ.

2. خېتىڭىز ئېنىق، قۇر تاشلاپ يېزىلغان ياكى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا كومپيۇتېر ئارقىلىق بېسىلغان بولسۇن.

3. ئەۋەتكەن ئەسىرىڭىزنىڭ تۇغرا ۋە ئۆلچەملىك تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە ماۋزۇسىنىمۇ يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق ئەھۋاللار بايقالسا مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ۋە كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئۆزىڭىز ئىگە بولىسىز.

5. ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىڭىزدە چوقۇم بىر نۇسخا قالدۇرۇپ قويۇڭ، ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تارقىتىش ھوقۇقى بىزدە، باشقا جايلاردا كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ.

7. تور ئارقىلىق تەرجىمە ئەسەر ئەۋەتكەندە خەنزۇچە ئارگىنالىنى قوشۇپ ئەۋەتىڭ.

www.uyghurkitap.com



# دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنىڭ سىرى

**نۇر كابېلى ئورنىتىشقا ئۇزۇن ۋاقىت ۋە زور مەبلەغ كېتىدۇ.**

خەلقئارادىكى سانلىق مەلۇماتنىڭ 99% ى دېڭىز ئاستىدىكى خەۋەرلىشىش نۇر كابېلى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. دېڭىز ئاستىدىكى نۇر كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى نەچچە 10 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جۇمۇلاڭما چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. دېڭىز ئاستى نۇر كابېلى كابېل ياتقۇزۇش كېمىسى ئارقىلىق ياتقۇزۇلىدىغان بولۇپ، ئەمما بۇ جەريان تۆمۈر بۇرىغا ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان نۇر كابېلىنى دېڭىز ئاستىغا چۆكتۈرۈۋېتىشتەكلا ئاددىي ئەمەس، بەلكى نۇر كابېلى چوقۇم دېڭىز ئاستىدىكى تەكشى يەردىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، مارجان خادا تاشلىرى، چۆكۈپ كەتكەن كېمە، بېلىق تۇرىدىكى جانلىقلارنىڭ ماكانى ھەمدە باشقا ئېكولوگىيەلىك ماكانلار ۋە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان توسالغۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇلغان بولۇشى لازىم. تېيىز سۇ ساھىلىغا كۆمۈلگەن نۇر كابېلىنىڭ دىيامېتىرى ئادەتتىكى پاسىلداق قۇتا بىلەن تەڭ بولۇپ، چوڭقۇر دېڭىزدىكى نۇر كابېلىنىڭ دىيامېتىرى بىرقەدەر كىچىك بولىدۇ، يەنى سېھىرگەرلەرنىڭ قولىدىكى تاياقچىلىك كېلىدۇ. چۈنكى دېڭىز ئاستىدىكى 2400 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ياتقۇزۇلغان نۇر كابېلىنىڭ سانى كۆپ بولمىغاچقا، بەك كۆپ سىنىك يالىتىلغان نىقابلانما سىم ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. تېيىز سۇ رايونىدىكى نۇر كابېلى يۇقىرى بېسىملىق سۇ پۈركۈش ئەسۋابى ئارقىلىق دېڭىز ئاستىغا كۆمۈلىدۇ. دېڭىز ئاستىغا ياتقۇزۇلىدىغان ئارتىلىش ئارىلىقى 1.6 كىلومېتىر كېلىدىغان دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنىڭ تەننەرخى نۇر كابېلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ۋە كۆزلىگەن يېرىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، بىر تال ئوكيان ھالقىغان نۇر كابېلىنى ياتقۇزۇش تەننەرخى نەچچە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ.

**لەھەڭ دېڭىز ئاستىدىكى نۇر كابېلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدۇ.**

لەھەڭ نېمە ئۈچۈن دېڭىز ئاستىدىكى نۇر كابېلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل كۆز قاراشلار بولۇپ، بەزىلەر ماگنىت مەيدانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسە، بەزىلەر قىزىقىپ قىلىدۇ، دەيدۇ. ھەتتا بەزىلەر چاقچاق قىلىپ ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئالاقە ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، يەر يۈزىگە ھۇجۇم قوزغىماقچى دېيىشىدۇ. مەيلى قانداق سەۋەبتىن بولسۇن، لەھەڭنىڭ نۇر كابېلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشى بىر رېئاللىق. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش





ئۇچۇن گوگۇل قاتارلىق شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نۇر كابېلىغا قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولۇپ، لەھەڭلەرنىڭ چىشلىشىگە چىداملىق ماتېرىيال بىلەن كابېلىنىڭ سىرتىنى ئورىۋەتكەن.

**نۇر كابېلى يەر ئاستى نۇر كابېلىغا ئوخشاش نازۇك بولىدۇ.**

ھەر نەچچە يىلدا قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن يەر يۈزىدىكى نۇر كابېلىنى ئۈزۈۋېتىپ، تورنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېڭىز - ئوكياندا نۇر كابېلىنى بۇزىدىغان قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن خەتەرلەر مەۋجۇت، يەنى لەھەڭدىن باشقا دېڭىز لەڭگىرى، سۆرىمە تورلۇق بېلىقچىلىق كېمىسى ۋە تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرلىرى بار. تورونتودىكى بىر شىركەت شىمالىي قۇتۇپنى كېسىپ ئۆتىدىغان نۇر كابېلى ياتقۇزۇپ، توكيو بىلەن لوندوننى تۇتاشتۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ خىل پەرەزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما كلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان مۇز قەۋىتىنىڭ ئېرىشى بىلەن زور مەبلەغ بولغاندىلا، بۇنداق نۇر كابېلىنى ياتقۇزۇش قىياسى تېخىمۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى.

**دېڭىز ئاستى نۇر كابېلى ئارقىلىق دۇنيا تۇتاشتۇرۇلدى.**

1854 - يىلى دۇنيادىكى ئوكيان ئاتلىغان تېلېگراما نۇر كابېلى ياتقۇزۇلۇشقا باشلانغان بولۇپ، نېۋفۇندلاند بىلەن ئېرلاندىيە تۇتاشتۇرۇلغان. تۆت يىلدىن كېيىن تۇنجى تېلېگراما يوللانغان بولۇپ، مەزمۇنى، ۋايتخاۋس بەش مىنۇت داۋاملاشقان ئۇچۇرنى قوبۇل قىلدى. كاتۇشكا سىگنالى بەك تولۇق يەتكۈزۈلۈشكە ئامالسىز، سۇرئىتى ئاستا ۋە تەرتىپلىك بولسۇن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. تېلېگرامىمىدىكى ۋايتخاۋسنىڭ كۆرسەتكىنى ئاتلانتىك ئوكيان تېلېگراما شىركىتىنىڭ باش ئېلېكتىر تېخنىكى ۋارتمان ۋايتخاۋس ئىدى.

**ئاخبارات ئورگانلىرى دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنى يوشۇرۇن ئاڭلاشقا ئامراق.**

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىم ئىككى ئاساسلىق دېڭىز ئارمىيە بازىسى ئارىسىدا ئاددىي، مەخپىيلەشتۈرۈلگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن. ئەينى چاغدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلدارلىرى چوڭقۇر مەخپىيلەشتۈرۈشنى بەك ئاۋارىچىلىق ھەم زۆرۈر بولمىغان ئۇسۇل دەپ قارىغان، چۈنكى ئىككى بازا بىر دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىدىن پايدىلىنىدىغان بولۇپ، ئىندۇكتور يېيىتىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدىن ئۆتەتتى، ئامېرىكىلىقلار ھەرگىزمۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پىلتىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، نۇر كابېلىنى ۋەيران قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ چوڭ كامبالا بېلىقى نومۇرلۇق پاراخوتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى بۇزالمايدۇ دەپ قارىغان ئىدى. ھالبۇكى



ئۇلار سەل قارىغان ئامېرىكىنىڭ بۇ سۇ ئاستى پاراخوتى نۇر كابېلىنى بايقىغان ھەم غايەت زور يوشۇرۇن ئاڭلاش ئەسۋابى ئورناتقان بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم يىغىلغان ئۇچۇرلارنى يوللىغان. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت «پىچەكگۈل قوڭغۇراق» دەپ ئاتالغان. كېيىن ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ سابىق ئانالىزچىسى رولانت پېردون سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاخبارات سېتىپ «پىچەكگۈل قوڭغۇراق» ھەرىكىتىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىغان. ھازىر دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنى يوشۇرۇن ئاڭلاش ئاخبارات ئورگىنىنىڭ ئۆلچەملىك مەشغۇلاتىغا ئايلاندى.

**نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ نۇر كابېلى ئامېرىكىنىڭ يوشۇرۇن تىڭشاشتىن ساقلىنىش سىستېمىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ.**

ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇق پائالىيىتى جەھەتتە ئامېرىكا زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئامېرىكا ئالىملىرى، ئېنژېنېرلىرى ۋە كارخانىلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھەلىرىنى كەشىپ قىلىش ۋە ياساش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات لىنىيەلىرى داۋاملىق ئامېرىكىنىڭ چېگرىسى ياكى دېڭىز ساھىلىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئامېرىكىلىقلار يوشۇرۇن تىڭشاشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ سابىق ياللانما خادىمى ئېدۋارت سنوۋدېن مەخپىي ھۆججەتلەرنى ئاشكارىلىۋەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن دۆلەت ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى غەنىيمەت ئالغان سانلىق مەلۇمات جەھەتتە يەتمەكچى بولغان رەزىللىك دەرىجىسىنى بىلىپ قاتتىق غەزەپلەنگەن. ھازىر بەزى دۆلەتلەر ئىنتېرنېت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى قايتىدىن قۇرۇشنى ئويلاشماقتا. برازىلىيە بىر تورلۇك پىلاننى باشلىغان بولۇپ، پورتۇگالىيەگە تۇتۇشىدىغان بىر خەۋەرلىشىش نۇر كابېلىنى ياتقۇزغان، بۇ نۇر كابېلى ئامېرىكىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپلا قالماي يەنە ئامېرىكىنىڭ شىركەتلىرىنى ئالاھىدە ھالدا پىلان سىرتىدا قالدۇرالايدۇ.

**دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنىڭ تەننەرخى تېخىمۇ تۆۋەن، سۈرئىتى تېخىمۇ تېز.**

ئىنسانلار مىڭدىن ئارتۇق سۈنئىي ھەمراھنى ھاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىپ، تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا يەتكۈزۈشنى، ھەتتا مارسقا ئادەم چىقىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش ۋەزىپىسىنى پىلانلىماقتا. بەلكىم سىز سۈنئىي ھەمراھنى ئىنتېرنېت تورىغا ئۇلاش، دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىدىنمۇ تېز ھەم ئۈنۈملۈك چارە، سۈنئىي ھەمراھتىن پايدىلىنىپ ئىنتېرنېت تورىنى ئۇلاش دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىدىن تېخىمۇ ئاقىلانە ئۇسۇل، سۈنئىي ھەمراھ چوقۇم تېلېفون ئىجاد بولۇشتىن بۇرۇن كەشىپ قىلىنغان بۇ نۇر كابېلىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. نۇر كابېلى بىلەن خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، سۈنئىي ھەمراھتا كۆپ يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ قوبۇل قىلغان ۋە يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرلار ئالەم بوشلۇقىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا،

سەرپ بولىدىغان ۋاقىت بىرقەدەر ئۇزۇن. نۇر كابېلى بولسا 99.7% لىك نۇر تېزلىكىدە سانلىق مەلۇمات يەتكۈزەلەيدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپ بولسا ئىنتېرنېتنى ئۇلايدىغان ئەمەلىي لىنىيە يوق بىردىنبىر قۇرۇقلۇق بولۇپ، سۈنئىي ھەمراھقا تايىنىپ سانلىق مەلۇمات يەتكۈزۈشتە كەڭ بەلباغ ئەتىۋارلىق، جەنۇبىي قۇتۇپتا كىلىمات مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم بولغان تەتقىقات بولۇپ، كەڭ بەلباغ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس.

**ئىنتېرنېت تورىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ھالقىلىق مەسىلە.**

دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنى كېسىۋېتىش ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. چۈنكى ھەربىر تال نۇر كابېلى نەچچە مىڭ ۋولتلىق ئەجەللىك توك بېسىمىغا ئىگە. لېكىن بۇ خىل بۇزغۇنچىلىق مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس. 2013 - يىلى ئالېكساندىر پورتىنىڭ شىمالىي قىسىم رايونىدا بىر تۈركۈم غەۋۋاس كىيىمى كىيگەن ئادەملەر شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا - ئوتتۇرا شەرق - غەربىي ياۋروپاغا تۇتۇشىدىغان تۆتىنچى نومۇرلۇق نۇر كابېلىنى قەستەن كېسىۋەتكەن. بۇ كابېلىنىڭ پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى 20 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، ئۈچ قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇراتتى. بۇ كابېل كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، مىسىرنىڭ تور سۈرئىتى شۇ ھامان 60% تۆۋەنلەپ كەتكەن.

**دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك بەك تەس.**

ئەگەر سىز بىر تور لىنىيەسىنى ئالماشتۇرۇشنى ئاۋارىچىلىق دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. دېڭىز ئاستىدىكى نۇر كابېلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا كەسپىي رېمونت قىلىش كېمىسى دەرھال نەق مەيدانغا بارىدۇ، ئەگەر نۇر كابېلى تېيىز سۇ رايونىدا بولسا، ماشىنا ئادەمنى سۇغا چۈشۈرۈپ، نۇر كابېلىنى سۇ يۈزىگە سۆرەپ ئېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر بۇزۇلغان نۇر كابېلى 1900 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىدا بولسا، رېمونت قىلىش كېمىسى مەخسۇس ياسالغان قارماق بىلەن نۇر كابېلىنى تۇتۇپ، ئاندىن سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقىپ، رېمونت قىلىدۇ. بەزىدە قارماققا ئېلىنغان سىم تاسادىپىي ئۈزۈلۈپ كەتسە، رېمونت قىلىش پاراخوتى سۇ ئاستىغا چۈشۈپ، ئۈزۈلگەن سىمنى سۇ يۈزىگە ئەپچىقىپ ئۇلايدۇ.

**نۇر كابېلىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى 25 يىل بولىدۇ.**

2014 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دېڭىز ئاستى خەۋەرلىشىش نۇر كابېلىنىڭ سانى 285 كە يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 22 سى ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ قارا نۇر كابېلى دەپ ئاتالغان. دېڭىز ئاستى نۇر كابېلىنىڭ ئۆمرى 25 يىل بولۇپ، سىغىمچانلىقى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا دېڭىز ئاستى نۇر كابېلى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مەزگىلىدە ئىقتىسادىي مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولالايدۇ. ئۆتكەن 10 يىلدا پۈتۈن يەر شارىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئىستېمالى پارتلاش خاراكتېرلىك ئېشىشقا يۈزلەنگەن. 2013 - يىلى ئىنتېرنېت تور ئېقىمى كىشى بېشىغا بەش مېگابايتتىن توغرا كەلگەن بولۇپ، 2018 - يىلى 14 مېگابايتتىن ئېشىشى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇنداق تېز سۈرئەتتە ئېشىش شۈبھىسىزكى سىغىمچانلىق مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ، نۇر كابېلىنى تېخىمۇ يېڭىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما فازا تەۋرىتىش جەھەتتىكى يېڭى تېخنىكا ۋە دېڭىز ئاستى سىغىمچانلىقىنى 8000% ئاشۇرغان، دېڭىز ئاستى نۇر كابېلى ئېقىم مىقدارىنىڭ تېز ئېشىشىغا يېتەرلىك تەييارلىقنى ھازىرلاپ بولغان.

**تەرجىمە قىلغۇچى: گۈلباھار قۇربان**

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# كۆزئەينەك كۆرۈش قۇۋۋىتىنى قانداق توغرىلايدۇ

ئەگەر ئادەتتە كۆزنىڭ تازىلىقىغا، كۆزنى ئاسراشقا دىققەت قىلمىغاندا، ناھايىتى ئاسانلا يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ. بەزى ياشقا چوڭىيىپ قالغانلار نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ، بۇ كۆز تورلىشىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. مەيلى يىراقنى كۆرەلمەسلىك ياكى كۆز تورلىشىش بولسۇن، كۆزئەينەك تاقاش ئارقىلىق كۆرۈش قۇۋۋىتىنى توغرىلىغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا كۆزئەينەك كۆرۈش قۇۋۋىتىنى قانداق توغرىلايدۇ؟



ئادەتتە كۆزئەينەك ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىر خىلى، ئەينىكىنىڭ ئوتتۇرىسى نېپىز، ئەتراپى قېلىن بولغان پېتىنقى لېنزىلىق كۆزئەينەك بولۇپ، بۇنى يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلار تاقايدۇ. بۇ خىل كۆزئەينەكتە كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كىرىستال تەنچە نۇرنى بىر يەرگە يىغىپ تەسۋىر ھاسىل قىلىدۇ، بۇنداق تەسۋىر كۆز ئالمىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كۆرۈش تور پەردىسىگە چۈشۈپ، ئاندىن نېرۋىلار ئارقىلىق مېڭىگە يەتكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدى - ئارقا دىيامېتىر چوڭىيىپ كەتكەچكە، تەسۋىر كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ ئۆزىگە چۈشمەيدۇ، شۇڭا كىشىلەر يىراقتىكى جىسىملارنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. پېتىنقى لېنزىلىق كۆزئەينەك بولسا نۇرنى تارقىتىش رولىغا ئاساسەن، تەسۋىرنى ئارقىغا يۆتكەپ، كۆرۈش تور پەردىسىگە چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر خىلى كۆپۈنكى لېنزىلىق كۆزئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينىكىنىڭ ئوتتۇرىسى قېلىن، ئەتراپى نېپىز بولىدۇ. يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ دەل ئەكسىچە يېقىننى كۆرەلمەيدىغانلار يېقىن يەردىكى جىسىملارنى كۆرەلمەيدۇ. يېقىننى كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ كۆز ئالمىسىنىڭ ئالدى - كەينى دىيامېتىرى كىچىكلەپ كېتىدۇ، نۇردىن ھاسىل قىلىنغان تەسۋىر كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ، كۆپۈنكى لېنزىلىق كۆزئەينەك تەسۋىرنى ئالدىغا يۆتكىيەلەيدۇ. نۇرنى يىغىش رولىغا ئىگە بولغاچقا، يېقىننى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ تاقىشىغا ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆزى تورلىشىدىغانلارمۇ كۆپۈنكى لېنزىلىق كۆزئەينەكنى تاقىشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# ئادەم نېمە ئۈچۈن سوغۇقتا تىترەيدۇ

ئادەم بەدىنىدە بىرقاتار نازۇك تەڭشەش مېخانىزمى مەۋجۇت، شۇڭا ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىدا سىرتقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ زور ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ. ئادەم سوغۇق هاۋانىڭ غىدىقلىشى بىلەن تىترەيدۇ. تىترەكنىڭ ماهىيىتى مۇسكۇللارنىڭ تارىيىشىدۇر. بەدەندىكى مۇسكۇللارنىڭ تارىيىشىنىڭ ناهايىتى كۆپ خىل شەكىللىرى بار. بەدەننىڭ هەرخىل هەرىكىتىنىڭ هەممىسى ئۆزئارا قارشىلىشىدىغان مۇسكۇل - سۆڭەكلەرنىڭ ماسلىشىش نەتىجىسىدە هاسىل بولىدۇ. بىر مۇسكۇلنىڭ كۈچى يەنە بىرىدىن ئېشىپ كەتكەندە، بۇ مۇسكۇل كونترول قىلىپ تۇرغان بەدەننىڭ بىر قىسمى كۈچلۈك تەرەپكە قاراپ هەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەغلۇپ بولغان مۇسكۇل سوزۇلۇپ، ئەكسىچە غەلىبە قىلغان مۇسكۇل تارىيىپ قىسقىرايدۇ. ئەگەر قارشىلىشىۋاتقان ئىككى مۇسكۇلنىڭ كۈچىنىشى ئوخشاش بولۇپ، ئۆزئارا يول قويمىغاندا، بەدەندە هەرىكەت پەيدا بولماي، ئادەم تىترەيدۇ.

سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىن خېلى تۆۋەن بولغاندا، بەدەندىكى تېرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ سېزىم قوبۇل قىلىش ئەزالىرى دەرهال سوغۇق ئۇچۇرنى چوڭ مېڭىگە يەتكۈزىدۇ. چوڭ مېڭە قايتا بۇيرۇق بېرىپ ئادەم بەدىنىگە يەتكۈزىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئادەمنىڭ تېرىسى زىچلىشىپ ياكى توخۇ ئەتلىشىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى ئادەم بەدىنىدىكى ئىسسىقلىقنىڭ ئاز مىقداردا تارقىلىپ سوغۇق هاۋانىڭ بەدەنگە كىرىشىدىن ساقلىنىدىغان قوغداش تەدبىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەدەندە پەيدا بولغان ئىسسىقلىق جەريانىمۇ توختىماي داۋاملىشىپ، ئىسسىقلىق هاسىل قىلغان ئۇچۇر مۇسكۇللارغا بۇيرۇق يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزئارا قارشىلىشىۋاتقان مۇسكۇللاردا ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش كۈچ بىلەن تارىيىش يۈز بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇسكۇللار هەرىكەت قىلالمايدۇ، بىراق پەيدا بولغان ئىسسىقلىق مىقدارى خېلى كۆپ كۆپىيىدۇ. دېمەك، ئادەم بەدىنىدىكى پەيدا بولغان ئىسسىقلىق بىلەن ئىسسىقلىق تارقىتىش جەريانى تەڭپۇڭ بولىدۇ.

ئادەمنىڭ سوغۇقتا تىترىشى ئەسلىدە ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۇراقلىق هالىتىنى ساقلاش ئۈچۈندۇر.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇهەررىر: جۇرئەت هەبىبۇل**



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئوقۇغۇچىلار پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ تۈرلىرى

كىشىلەر، كەشىپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش تەس، تەسەۋۋۇر قىلىپ، پىلان تۈزۈپ دۇنيادا يوق نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تېخىمۇ تەس دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە، كەشىپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىشنى ئۇنچە تەس دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. پەقەت سىزنىڭ بىلىم قۇرۇلما ئاساسىڭىز مۇستەھكەم بولسا، تەپەككۇر قىلىشنى خالىسىڭىز، كەشىپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالسىڭىزلا كەشىپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش ئۇنچە تەس ئەمەس.

ئوقۇغۇچىلار پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ئىلمىي كۆزىتىشتىن ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر، ئىلمىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر، ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ئىلمىي چۈشەنچە بېرىلگەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىلمىي كۆزىتىشتىن ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر دېگىنىمىز ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن ئەتراپلىق، ئىنچىكە كۆزىتىشى ھەمدە ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ۋە سانلىق مەلۇماتلار ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىپ، ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ ۋە بايان قىلىدىغان ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى: ئىلمىي كۆزىتىلگەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولسا، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان تەبىئىي شەيئى ياكى تەبىئىي شارائىت ئاستىدا سۈنئىي كونترول قىلىش جەريانىدا يۈز بەرمىگەن ھادىسىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ماقالىدە تەسۋىرلەنگەن مەزمۇندىكى ئاپتورنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى، جەريانى ۋە شەكىللەنگەن تەبىئىي شارائىتىغا ھېچقانداق ساختىلىق قىلىشقا ياكى شەخسىي بىرتەرەپلىمە قاراشلارنى قوشۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆزىتىش بولسا بىر تۈرلۈك ئۇزۇنغا سوزۇلغان، سىستېمىلاشقان، قايتا - قايتا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولغاچقا، ئاپتورلاردىن سەۋرچانلىقنى، ئىنچىكىلىكنى، بوشاشماس روھنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىلىم - پەن تەرەققىيات تارىخىدا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىن تاشقىرى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ لى شىجېن دەل شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ ھەرخىل گۈل - گىياھلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش جەريانلىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ، قەدىمكى دورىگەرلىك كىتابلىرىدىكى نۇرغۇن خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، دۇنياغا داڭلىق «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» نى يېزىپ چىققان.

كەشىپ قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە، بېيجىڭ شەھەرلىك 1 - تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپ 2 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ لېي يازغان كۆزىتىش خاراكتېرلىك كىچىك تىپ-

تىكى ئىلمىي ماقالە «كىچىك چۈمۈلە قانداق (گەپ) قىلىدۇ» مەملىكەت بويىچە چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ماقالىدە بىر چۈمۈلىنىڭ بىر تال گۈرۈچنى يۆتكەش ئۈچۈن، ئۇۋىسىغا ئۆمىلەپ ماڭغۇچە يولدا ھەمراھلىرىغا ئۇچراپ قالغاندا، سەزگۈ بۇرۇتچىسىنى ھەمراھىغا تەگكۈزۈش ئارقىلىق بىر توپ چۈمۈلىلەرنى قىزىقتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گۈرۈچنى يۆتكەپ مېڭىشتەك ئىشلىرى يېزىلغان. ئاخىرىدا خۇلاسە چىقىرىپ «چۈمۈلىلەر سەزگۈ بۇرۇتچىسى ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرىدۇ.» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىلمىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر «تەجرىبە دوكلاتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ بەلگىلەنگەن مۇھىت ئاستىدا، قايتا - قايتا تەجرىبە ئىشلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى ياكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىپ، ئۇنىۋېرسال خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق يازغان ماقالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ماقالىلەردە تەجرىبە جەريانىدىكى ئوبيېكتىپ بايانلارنى ۋە تەجرىبە ھادىسىلىرىنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەگەر يېزىلغان ماقالىدە تەجرىبە مەقسىتى ئېنىق، باسقۇچلىرى تولۇق، سانلىق مەلۇماتلىرى توغرا، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك، ئېرىشكەن نەتىجىسى ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك بولسا، بۇ بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەجرىبە ماقالىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىچۈەن دايىڭ ناھىيەسى فېڭلەي باشلانغۇچ مەكتىپى 5 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى فېڭ يى ئۆيىدە تاسادىپىي ھالدا بىرنەچچە تال ئوت - چۆپ كۈلىگە چۈشۈپ كەتكەن تاتلىقياڭيۇنىڭ ھېچنەرسە بولمىغىنىنى بايقاپ، غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. ھەمدە، گەمە ئىچىدە تەجرىبە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ بىرقەۋەت تاتلىقياڭيۇ ئۈستىگە بىر قەۋەت ئوت - چۆپ كۈلى قويغان، نەتىجىدە تاتلىقياڭيۇنى بۇ خىل ساقلاش ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى ئوت - چۆپ كۈلىنىڭ نەملىكتىن ساقلىنىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش رولى بار. ساۋاقداش فېڭ يىنىڭ «ئوت - چۆپ كۈلى ئىچىدە تاتلىقياڭيۇ ساقلىسا ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ» ناملىق كىچىك ئىلمىي ماقالىسى سىچۈەن ناھىيەلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە پەن - تېخنىكا ماقالىلىرى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر «ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەلۇم رايوندىكى سۇنىڭ بۇلغىنىش دەرىجىسى، مەلۇم جاينىڭ ھاۋا بۇلغىنىش مەنبەسى، مەلۇم تاغ ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئېۋۇلىيۇتسىيە جەريانلىرى، مەلۇم دائىرىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بايلىق مەنبەسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك. تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش، نەق مەيداننى چارلاش قاتارلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئاساسلىق تەتقىقات ۋاستىسى قىلىپ يېزىپ چىقىلغان ماقالىلەر ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر ھېسابلىنىدۇ.

چۇڭچىڭ شەھەرلىك خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسى جىن ئەنجۈرى دەرىخىنىڭ شۇ يەردىكى ئۆسۈش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شاڭچىڭ سارىيى ئەتراپىدىكى 93 تۈپ جىن ئەنجۈرى دەرىخى ئۈستىدە بىرمۇبىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «چۇڭچىڭ جىن ئەنجۈرى دەرىخىنىڭ ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا تەكشۈرۈش» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ماقالە مەملىكەتلىك يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە كىچىك تىپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر بويىچە بىرىنچىلىككە

www.uyghurkitap.com



ئېرىشىدۇ.

ئىلمىي چۈشەنچە بېرىلگەن كىچىك تېپتىكى ئىلمىي ماقالىلەر دېگىنىمىز، ئاپتورنىڭ ماتېرىياللار ئارقىلىق مەلۇم تەبىئىي ھادىسە ياكى تەبىئىي ئىشلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان چۈشەندۈرۈشى ياكى ئېنىقلىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، ئۇنىڭدا بىۋاسىتە كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق تەتقىقات ئۇسۇللىرى قوللىنىلمايدۇ. بەلكى ئاساسلىق كىتابتىكى ماتېرىياللار، مۇئەللىم، ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىدىن ئېرىشكەن ئىككىنچى قول ماتېرىياللاردىن ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئانالىزى، لوگىكىلىق خۇلاسىسى ئارقىلىق ئۆز تىلى بىلەن مەلۇم بىر نۇقتىنى بايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

«نېمە ئۈچۈن گۈيياڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككىنچى باھار شەھىرى دەيمىز» ناملىق ماقالە مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە، ئاپتورنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولسا، بىرىنچى، رادىيو - تېلېۋىزىيەدە ئۇقتۇرغان گۈيياڭ ۋە كۇنمىڭنىڭ ھاۋارايى ۋە تېمپېراتۇرىسىدىن بوشاشماي خاتىرە قالدۇرۇش؛ ئىككىنچى، تەييار تەتقىقات نەتىجىلىرى بولغان «جۇڭگونىڭ كىلىمات ئاتلاسى» دىن چۈڭچىڭ، بېيجىڭنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك تېمپېراتۇرا ئەھۋالىنى تېپىپ چىقىپ گۈيياڭ ۋە كۇنمىڭنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇش؛ ئۈچىنچى، كىتابلاردىن كۇنمىڭ ۋە گۈيياڭنىڭ 1 -، 4 -، 7 - ئايلاردىكى ۋە 10 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنى ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزە قىلىپ خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بېيجىڭ چوڭۋېن رايونلۇق پېيشىن باشلانغۇچ مەكتىپى 4 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى لى دوڭ باش كۈز، تاۋۇز چاغىنى ۋە كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق كۈز مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ تەدرىجىي سوۋۇپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئادەملەرنىڭ كىيىنىش ئۆزگىرىش ئەھۋالى قاتارلىق ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ئىزاھات بېرىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ «بېيجىڭنىڭ كۈزلۈك تېمپېراتۇرا ئەھۋالى» ناملىق ماقالىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئىلمىي ئىزاھات ماقالىسى كەشپىيات ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە پەن - تېخنىكا كىچىك تېپتىكى ئىلمىي ماقالىلىرى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشىدۇ.

بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە ئالدىنقى ماقالىلەرگە ئوخشاش ئۆزى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئېرىشكەن ئىسپاتلار بولمىسىمۇ، بىراق بۇلارمۇ ئاپتورنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن يىغىپ، رەتلىگەن ماتېرىياللىرىنى ئۇنىۋېرسال ئانالىز قىلىپ يېڭى نۇقتىئىينەزەر، يېڭى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولغاچقا، بۇنداق ماقالىلەر يەنە پەن - تېخنىكا ماقالىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىلمىي چۈشەنچە بېرىلگەن كىچىك تېپتىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغاندا، بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا ئالدىراپ ماتېرىيال ئاختۇرماسلىق كېرەك، شۇنداقلا يەنە تەھلىل قىلمايلا ئەسلى ماتېرىيال بويىچە كۆچۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. چوقۇم ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، چۈشەندۈرۈپ يېزىش كېرەك. ئەگەر يۇقىرىقى تەلەپ بويىچە يېزىلمىسا ماقالىدە يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى كۆز قاراش يوق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ماقالىلەر كىچىك تېپتىكى ئىلمىي ماقالە بولالمايدۇ، شۇنداقلا ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۆزىنىڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى : پەزىلەت تۇرغۇن**

**مۇھەررىر: نۇرشات ئابدۇرېشىت**

# تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ساغلاملىققا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئەمەرجان بەكرى
(ئاقسۇ شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)

تۇپراق ئېكولوگىيە سىستېمىسىدا ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان، ماددا ئالماشتۇرىدىغان مەركىزىي ھالقا، شۇنداقلا ئىنسانلار پائالىيەتلىرىدە پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك كېرەكسىز ماددىلارنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى تازىلايدىغان تەبىئىي مەيدان. شۇڭا تۇپراق ئاسانلا بۇلغىنىدۇ ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا ھەرخىل زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ .

**خىمىيەلىك بۇلغىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار**

1. تۇپراقنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن بۇلغىنىشى: تۇپراق دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن بۇلغانغاندىن كېيىن، زەھەرلىك ماددىلار ھەرخىل يوللار بىلەن جانلىق ئورگانىزملارنىڭ تېنىگە كىرىدۇ. دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ تۇپراقنى بۇلغىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

ئۆتكۈر زەھەرلەش: بۇ ئەھۋال ئادەتتە ئاز يۈز بېرىدۇ. ئاساسەن يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى دېھقانچىلىق دورىلىرى تۇپراقنى بۇلغىغاندىن كېيىن، بىۋاستە يەيدىغان مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتلارنى بۇلغاپ، ئاندىن ھەزىم قىلىش يوللىرى ئارقىلىق قانغا كىرىپ ھەرقايسى ئەزالارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، زەھەرلەش رېئاكسىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر كۆپىنچە باغۋەن ۋە كۆكتاتچىلارنىڭ دورىلارنى بىخەتەر ئىشلىتىش بەلگىلىرىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ.

سوزۇلما زەھەرلەش: دېھقانچىلىق دورىلىرى يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ئورگانىزمغا تەدرىجىي سىڭىپ كىرىپ، سوزۇلما زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئورگانىك فوسفور بىلەن سوزۇلما زەھەرلەنگەنلەرنىڭ قان يېغىدىكى ئىشقارلىق ئىستېرازا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ۋە ئۇزۇنغىچە تۆۋەنلەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئورگانىك خلور بىلەن زەھەرلەنگەنلەردە جىگىرى ئىششىش ۋە جىگەر فۇنكسىيەسى نورمالسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

2. تۇپراقنىڭ خىمىيەلىك ئوغۇتلار بىلەن بۇلغىنىشى: تۇپراقنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن بۇلغىنىشى دەريا، كۆل، دېڭىز سۇلىرىنى ئارتۇقچە كۈچلەندۈرۈش ھەمدە تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق ـ خىمىيەلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن باشقا، يەنە يېمەكلىكلەر، يەم ـ خەشەك ۋە ئىچىدىغان سۇنىڭ زەھەرلىك تەركىبىنى كۆپەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتلار ئارتۇقچە ئىشلىتىلگەندە، سۇ، تۇپراق، يېمەكلىكلەرنىڭ ئازوتلۇق بىرىكمە تەركىبىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئازوتلۇق بىرىكمىلەر مۇئەييەن شارائىتتا، نىترىتلارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ زەھىرى 5 ـ 10 ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. نىترىتلار ئاممىياكلار بىلەن بىرىكىپ، كۈچلۈك راك پەيدا قىلىدىغان ئاممونىي نىترىت ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئاشقازان ـ ئۈچەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



فۇنكسىيەسى توسالغۇغا ئۇچرىغۇچىلاردا تېخىمۇ ئاسان يۈز بېرىدۇ.

3. تۇپراقنىڭ ئېغىر مېتاللار بىلەن بۇلغىنىشى: تۇپراقنىڭ ئېغىر مېتاللار بىلەن بۇلغىنىشىدا كادمىي بىلەن بۇلغىنىش ئەڭ تىپىك بۇلغىنىشتۇر. كادمىي ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن، بىر قىسمى ھېموگلوبىن بىلەن بىرىكىدۇ، يەنە بىر قىسمى تۆۋەن مولېكۇلالىق گۈڭگۈرتلۈك ئاقسىللار بىلەن بىرىكىدۇ. بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن كادمىي گۈڭگۈرتلۈك ئاقسىل قان ئارقىلىق بۆرەككە بارىدۇ. ئاندىن بۆرەك نەيچىلىرى ئارقىلىق قايتا سۈمۈرۈلۈپ بۆرەككە يىغىلىش بىلەن بۆرەك فۇنكسىيەسىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ ۋە تۆۋەن مولېكۇلالىق ئاقسىللىق سۈيدۈكنى پەيدا قىلىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋىتامىن D نىڭ ئاكتىپلىقىنى تورمۇزلاپ، كالتسىي، فوسفورنىڭ سۆڭەك ماددىسىدا نورمال چۆكۈش ۋە ساقلىنىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ، سۆڭەك ماددىسىنىڭ بوشاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سانائەتتىكى كىرەكسىز سىمابلىق سۇلىرى بىلەن سىمابلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىمۇ ئومۇمەن تۇپراقنى بۇلغايدۇ. تۇپراق تەركىبىدىكى سىماب سۇ ۋە يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېنىگە كىرىپ، قالدۇق ھاسىل قىلىدۇ، قويۇقلىشىدۇ ۋە مېتاللىشىدۇ. كادمىي، سىمابتىن باشقا قوغۇشۇن، ئارسېن، مىس، نېكىل، كوبالت، ۋانادىي قاتارلىق ئېلېمېنتلارمۇ تۇپراقنى بۇلغاپ، مۇناسىپ زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**بىيولوگىيەلىك بۇلغىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار**

بىر ياكى بىر نەچچە زىيانلىق مىكروبلار توپى تاشقى مۇھىتتىن تۇپراققا كىرسە زور مىقداردا كۆپىيىدۇ. زىيانسىزلاندۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىنمىغان گەندە - سۈيدۈك، ئەخلەت يۇندا قاتارلىقلار تۇپراقنىڭ بىيولوگىيەلىك بۇلغىنىشىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ، كەلتۈرىدىغان زىيىنى تۆۋەندىكىچە:

1) پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنى تارقىتىدۇ: تۇپراق — ئىلمەكلىك قۇرت كېسىلى، سازاڭسىمان مەددە كېسىلى، قامچا قۇرت كېسىلىنىڭ مۇقەررەر يۇقۇش يولى، چۈنكى بۇ مەددە، قۇرتلار بىر مەزگىل تۇپراقتا ياشىغاندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەرنى يۇقۇملاندۇرىدۇ. دۇنيا ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل پارازىت قۇرت كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغان، بۇ ئەھۋال ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا تېخىمۇ ئېغىردۇر. پارازىت قۇرتلىرى ئادەم تېنىگە يېمەكلىكلەر زەنجىرى بىلەن ھەزىم قىلىش يولى ئارقىلىق كىرىدۇ. مەسىلەن، سازاڭسىمان مەددە قۇرت كېسىلى، قامچە قۇرت كېسىلى. ئۇنىڭدىن قالسا، تېرە ئارقىلىق كىرىدۇ. مەسىلەن، 12 بارماق ئۈچەي ئىلمەكلىك قۇرتى ۋە ئامېرىكا ئىلمەكلىك قۇرتى.

2) باكتېرىيەلىك كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ: تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىدىن تارقىلىدىغان باكتېرىيەلىك كېسەللىكلەردىن: ئۈچەي كېزىكى، پاراتىف، تولغاقلار بار. بوتۇلىزىم تاياقچىسى قاتارلىق كېسەللىك تارقاتقۇچىلار تۇپراقتا سپورا ھاسىل قىلىپ، ئۇزۇن مۇددەت ھايات كەچۈرۈشى مۇمكىن. سىل تاياقچە باكتېرىيەلىرى ۋە بەزى يىرىڭلاتقۇچى باكتېرىيەلەرمۇ بىمارلارنىڭ خەپرۈك ۋە يىرىڭلىرى ئارقىلىق تۇپراقنى بۇلغىشى ۋە توپا - چاڭلار بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، نەپەسلىنىش يوللىرى ۋە تېرە ئارقىلىق كىشىلەرنى يۇقۇملاندۇرۇشى مۇمكىن.

3) ۋىرۇس خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ: نۆۋەتتە، تۇپراقتىن ئىنسانلاردا كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان 100 نەچچە خىل ۋىرۇس تېپىلدى. مەسىلەن، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغ ۋىرۇسى، كوكساكى ۋىرۇسى، چاقسىمان ۋىرۇس ۋە A تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسى قاتارلىقلار. ئادەم ۋە ھايۋاناتلاردا ئورتاق كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان كۆپلىگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىدا تۇپراق ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئىلمەك

ئۆچلۈق بۆرغىسىمان تەنچە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ياۋايى ھايۋانلار سۈيدىكى ئارقىلىق زور مىقداردا كېسەللىك تارقاتقۇچى مىكروبلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇ كېسەللىك مىكروبلىرى ئاجىز ئىشقارلىق تۇپراقتا بىرنەچچە ھەپتە ياشاپ، شىللىق پەردىلەر، تېرىلەر ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە كىرىپ كېسەللىك پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

## تۇپراقنى بۇلغىنىشتىن ساقلاش

تۇپراقنى بۇلغىنىشتىن ساقلاشتا، ئۇنىۋېرسال تەدبىرلەرنى قوللانغاندىلا، تېگىشلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ پىرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تۇپراقنىڭ سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇلار بىلەن بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش. كېرەكسىز ۋە بۇلغىغۇچىلارنى پايدىلىق بايلىق مەنبەسى سۈپىتىدە يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش ۋە يېپىق يولدا ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش — ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇسۇلدۇر. سانائەتنىڭ كېرەكسىز سۇلارنى تىزگىنلەشنىڭ پىرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى زىيانلىق، زەھەرلىك كېرەكسىز سۇلارنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە توسۇش. (2) زەھەرلىك خام ئەشيالارنى ئىشلىتىدىغان ھەم زەھەرلىك ئارىلىق مەھسۇلات پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرىدا مۇۋاپىق ھۈنەر مەشغۇلات تەرتىپى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يوللىرىنى توسۇش. (3) كۆچلۈك زەھەرلىك كېرەكسىز سۇلارنى باشقا كېرەكسىز سۇلاردىن ئايرىپ ئاققۇزۇش ھەم يىغىۋېلىش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىش. (4) شەھەرلەردىكى مەينەت سۇنىڭ تەركىبى، خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئورگانىك كېرەكسىز سۇلار، مەسىلەن، قەغەز زاۋۇتى، شېكەر زاۋۇتى ۋە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىدىن چىقىدىغان كېرەكسىز سۇلارنى شەھەرلەردىكى مەينەت سۇلار سىستېمىسىغا قوشۇۋېتىش كېرەك. ئۇلارنى مەينەت سۇلارنى بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتلىرىدا بىرتەرەپ قىلىپ، بىيوخىمىيەلىك ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق ماددىلارنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىزلارنى سۇغىرىشقا بولىدۇ. لېكىن مەينەت سۇنىڭ سۈپىتى، تەلەپ قىلىنغان تازىلىق ئۆلچىمىگە يېتىشى لازىم. تۇپراقنىڭ شورلىششى، مۇھىت تازىلىقىنىڭ ئوسالىلىشى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەينەت سۇلار بەلگىلىك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: بىرىنچى، ئالدىن بىرتەرەپ قىلىپ، ئېغىر مېتاللارنى يىغىۋېلىش. ئىككىنچى، دوختۇرخانا، بىيولوگىيەلىك بۇيۇملار زاۋۇتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن چىقىرىلغان، تەركىبىدە كېسەللىك تارقاتقۇچى مىكروبلار بولغان پاسكىنا سۇلار قاتتىق دېزىنفېكسىيەلىگەندىن كېيىن، سۇغىرىشقا ئىشلىتىش. ئۈچىنچى، ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەش. تۆتىنچى، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارىنى تىزگىنلەش ھەمدە بۇلغانغان سۇ بىلەن سۇغىرىش رايونلىرىنى ئاھالىلەر رايونلىرىدىن بەلگىلىك يىراقلىقتا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. تۇپراقنىڭ سانائەت داشقاللىرى بىلەن بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش. سانائەت داشقاللىرىنىڭ تۇپراقنى بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئاساسىي يولى ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشنى كەڭ يولغا قويۇپ، يىغىۋېلىش ۋە بىرتەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ «سانائەت كارخانىلىرىنى لايىھەلەشتىكى گىگىيېنىلىق ئۆلچىمى» نىڭ 25 - ماددىسىدا: «سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش داشقاللىرىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش تەدبىرلىرىنى پائال قوللىنىش كېرەك. ئومۇمەن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش تەجرىبىلىرى بولغانلىرىنى ھۈنەر مەشغۇلات لايىھەسىگە كىرگۈزۈپ، زىيانلىق سانائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



داشقاللىرىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى بۇلغىنىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. داشقاللارنى دۆۋىلەپ قويغان ياكى ئۇلار بىلەن ئازگاللارنى تىندۇرغاندا ھاۋاغا توزۇپ كېتىش، چېچىلىپ - ئېقىپ كېتىش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە چۈشۈپ سۇ يوللىرىنى توسۇپ قويۇش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش. ئاتموسفېرا، سۇ مەنبەسى ۋە تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش لازىم.» دەپ بەلگىلەنگەن.

3. تۇپراقنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاشقا ئېتىبار بېرىشتە ئوخشاش بولمىغان تۇپراق سۈپىتى، زىرائەت سورتلىرى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆسۈش باسقۇچلىرىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئوغۇتلارنى تاللاپ ئىشلىتىپ، ھەم زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم بەزى خىمىيەۋى ئېلېمېنتلارنىڭ ياكى خىمىيەۋى بىرىكمىلەرنىڭ تۇپراقتا ئارتۇقچە يىغىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ئۇلارنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ئارتۇقچە ئىشلەتكەندە ھەم دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تەننەرخى ئېشىپ كېتىدۇ، ھەم تۇپراق سۈپىتىنى ناچارلاشتۇرىدۇ شۇنداقلا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ۋە ئامىمىنىڭ تېرىقچىلىق ئادىتىگە ئاساسەن، ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىشنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىش ۋە كېڭەيتىش تېخىمۇ مۇھىم. ئورگانىك ئوغۇتلارنىڭ تەركىبىدە زور مىقداردا چىرىندى ماددىلار بولۇپ، ئۇ، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق خوسۇسىيىتىنى ياخشىلاپ، ئۇنۇمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ماس مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا چىرىندى ماددىلارنى تۇپراقنى ياخشىلىغۇچى، مۇقىملاشتۇرغۇچى ۋە ئەلا سۈپەتلىك ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، چىرىندى ماددىلار ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئۆسۈشىگە ياخشى تەسىر كۆرسىتىپ، تۇپراقتىكى نېتراتلىنىش رېئاكسىيەسىنى تورمۇزلىغۇچى قىلىدۇ. تۇپراقنىڭ نېتراتلىنىش رېئاكسىيەسى تۇپراق — يېمەكلىك — ئادەم ياكى تۇپراق — سۇ — ئادەمدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى يول ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

تۇپراقنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ھالقا — يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تۆۋەن زەھەرلىك، تۆۋەن قالدۇقلۇق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش - ئىدارە قىلىشنى تەتقىق قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا خىمىيەلىك ئۇسۇلدا باكتېرىيە يوقىتىشقا يۆلىنىۋېلىشتىن ساقلىنىپ، مۇھىت زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

4. تۇپراقنىڭ بىيولوگىيەلىك بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش. ئادەم — ماللارنىڭ گەندە - سۈيدۈكلىرى بىلەن بۇلغىنىش كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ مەسىلە يېزىلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىكتۇر. نۆۋەتتە، بىرقىسىم چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەردە تۈرلۈك بۇلغانغان سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتلىرى بار. گەندە - سۈيدۈكلەر ۋە تۇرمۇشتىن چىققان يۇندىلار بىۋاستە ئەۋرەز يوللىرى ئارقىلىق گەندە كۆلچەكلىرى ياكى مەينەت سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتلىرىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن يىغىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ۋە پايدىلىنىدۇ.

**مۇھەررىر: غالىب مۇھەممەد قارلۇق**

# ئىشەنچلىك بولغان خەلق ئارىسىدىكى ئىلىم - پەننى قانداق پەرقلەندۈرىمىز

**خەلقتە ئومۇميۈزلۈك ئىلىم - پەن روھى كەمچىل.**

ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئىلىم - پەن ئۇقۇمى يوق، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىلىم - پەننىڭ غەرب ئەللىرىدىكى تەرەققىياتى بىرقەدەر ئۇزۇن ئەمما، ئىلىم - پەننىڭ جۇڭگوغا كىرگەن ۋاقتى يۈز نەچچە يىل بولۇپ، تارىخى يەنىلا بىرقەدەر قىسقا. شۇڭا خەلقنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان تونۇشى بىرقەدەر تۆۋەن، نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا ئىلىم - پەن بىلەن تېخنىكىنى، ئىلىم - پەن بىلەن ئەپسانىنى، ئىلىم - پەن بىلەن ئىلمىي فانتازىيەنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

جۇڭگونىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا ئىزچىل ئىلىم - پەنگە بولغان چۈشەندۈرۈش كەمچىل. بىزنىڭ مائارىپ سىستېمىمىزدا ئىلىم - پەن بىلەن بىلىم بىرىككەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئىلىم - پەن بىزگە بىلىم ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن ئىلىم - پەن پەقەت بىلىملا ئەمەس، ئىلىم - پەننىڭ مەقسىتى تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەك، ھەرخىل قانۇنىيەتلەرنى بايقاش دېمەكتۇر. ھالبۇكى، ئىلىم - پەننىڭ روھى مۇنداق ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇش، مۇستەقىل بولۇش، بىردىنبىر بولۇش. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇش. لېكىن جۇڭگولۇقلار تەربىيە ئالغاندا، كۆپىنچە پاسسىپ ھالدا بىلىم ئالىدۇ، ئاساسەن «گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇش» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئۇچرىشىپ باقمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇش» نى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىمۇ تەشەببۇس قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا بىر نەرسىگە ئىشىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، بۇ قېتىمقى پۈتۈنلەي پەن - تېخنىكا قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان «ئىستېرېئولۇق تېز ئاپتوبۇس (巴铁)» غا ئوخشاش.

ئىلىم - پەن ئۇسۇلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەتلا گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇش يېتەرلىك ئەمەس، بىلىشىمىز پەقەت لوگىكا جەھەتتىكى دەلىللەش ئەمەس، مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنە گۇمانلىق ھادىسىنى دەلىللەشتىن ئىبارەت. دەلىللەش بولمىسا ئىلىم - پەن قانۇنىيەتلىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئالدىنقى مەزگىلدە، خەلق ئارىسىدىكى بىر زات نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تېلېۋىزوردا تارتىش كۈچى دولقۇنى توغرىسىدا سۆزلىگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان كىشىلەر ئۇنى غەرب ئەللىرىدىنمۇ بۇرۇن تارتىش كۈچى دولقۇنىنى بايقىغان دەپ بىلگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت «تارتىش



كۆچى دولقۇنى» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغان. ھالبۇكى بۇ سۆز بىر يۈز نەچچە يىل بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئۇقۇم تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەڭ مۇھىمى تەجرىبە قىلىش، كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش قاتارلىق ئىلىم - پەن ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىسپاتلانغاندا ئاندىن ئىلىم - پەندە يېڭىلىق يارىتىش بولىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نۇقتىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ.

بىز يەنە «ئىستېرېئولۇق تېز ئاپتوبۇس» توغرىسىدىكى گەپكە قايتىپ كەلسەك، بۇ مەسىلىدە، نېمە ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك زاتلار دەسلەپكى قەدەمدە قاتناش مۇتەخەسسىسلىرىدىن مەسلىھەت سوراپ باقمايدۇ؟ بۇ ئۇلاردا ئەمەلىي ئىسپات تەكشۈرۈش روھىنىڭ كەمچىللىكىدىن بولغان، يەنە قارىماققا بەك ياخشىدەك بولسىلا قوللىنىۋەرگەن. لېكىن بۇ نەرسىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا ئاساسى بار - يوقلۇقىدىن گۇمانلانمىغان، نۇرغۇن ئالدامچىلىقلار مۇشۇنداق پەيدا بولىدۇ.

ئومۇمىي خەلققە ئىلىم - پەن روھىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ يولى توسۇلغان، شۇڭا بۇنىڭدا نوپۇزلۇق تارماقلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇشى لازىم. مەسىلەن، ئىستېرېئولۇق تېز ئاپتوبۇس ئىشىغا كەلسەك، قاتناشقا ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ رەددىيە بەرسە بولىدۇ ھەم ھۆكۈمەت ئورگانلىرى يەنى قاتناش تارماقلىرى مىكرو بىلوگدا نوپۇزلۇق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىپ، يالغانچىلىقنى ئاچسا بولىدۇ.

لېكىن ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇشى ناھايىتى ئاز، ھەممىشە ئىشلار چوڭ مۇزاكىرىلەرنى قوزغىغاندا، ئاندىن جامائەتنىڭ قىستىشى بىلەن چىقىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. بەلكىم ھۆكۈمەت ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدە يېتىلگەن



رەددىيە بېرىش مېخانىزمى يوق بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مۇشۇنداق مېخانىزمنى قۇرغىلى بولسا، جەمئىيەتتىكى بىرقىسىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ۋاقتىدا جاۋابقا ئېرىشكەن بولاتتى، ئۇنداقتا نۇرغۇن ئىشلار جامائەت پىكرى دولقۇنىنى قوزغىيالمايتتى.

**«خەلق ئارىسىدىكى ئالىم» لارنىڭ ئىشەنچلىكلىرى ئاز.**

تارىختىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلىم - پەن ئەسلىدە خەلق ئارىسىدىكى نەرسە. لېكىن يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكىنىڭ بارغانسېرى مۇھىم بولۇۋاتقانلىقىغا ئەگىشىپ، بارغانسېرى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىگە ئۆزگەردى ھەم بارغانسېرى ھۆكۈمەت ۋە ئىلىم - پەن، تېخنىكا قۇرۇلمىسى تەرىپىدىن يېتەكچىلىك قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خەلق ئارىسىدا بايقالغان ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى بارغانسېرى ئاز بولىدۇ.

لېكىن خەلق ئارىسىدىكى ئالىملارنىڭ چوقۇم نەتىجىسى يوق دېيىشكە بولمايدۇ. يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەر ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەسپىي ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ياكى تۇغما تالانتى سەۋەبىدىن، ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا جەھەتتە بىرقىسىم نەتىجىلەرنى

ياراتماقتا. لېكىن ئەگەر ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا يۇكسەك دەرىجىدە كەسپلەشكەن بولسا، خەلق ئارىسىدىكى ئالىملارنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرۇلغان ئىشلار ناھايىتى ئاز بولغان بولاتتى.

خەلق ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلار ئادەتتە «خەلق ئارىسىدىكى ئالىم» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن ياكى تېخنىكا جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى قىلىش ئىقتىدارى يوق، لېكىن شۇلارنى يەنە قىلىدىغان ناھايىتى كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە قىزىقىشى بار. ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ھېچقانداق زىيىنى يوق، زىيانغا ئۇچرايدىغىنى پەقەت ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش تەتقىقاتىنى قىلىش ئۈچۈن، خانىۋەيران بولىدىغان، ئائىلىسى سەرسان بولىدىغانلار كۆپ. لېكىن ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ئىستېرېئولۇق تېز ئاپتوبۇستەك «ساختا پەن» ئەمەس. «ساختا پەن» نىڭ ئالداش مەقسىتى بار، جەمئىيەتنىڭ ھەرىكىتىگە زىيانلىق، قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك، لېكىن «خەلق ئارىسىدىكى ئالىم» لارنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى ئادەم ئالداش ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «ئىلمىي بايقاش» ۋە «تېخنىكا كەشپىياتى» نى تەشۋىق قىلىش، ئاندىن بىرقىسىم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش. پۈتكۈل جەرياندا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلالماسلىقىمۇ ئىلىم - پەن روھىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت بولىدۇ.

مەسىلەن، بەزىلەر داۋاملىق مەڭگۈلۈك دىۋىگاتېلنىڭ لايىھەسىنى ياكى كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنى كۆرمەيدۇ. بۇنىڭ ئىلىم - پەن پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۆزىنىڭ سەپسەتىلىرىدە چىڭ تۇرىدۇ.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە، كۆپىنچىلىرى ھەتتا ئىلىم - پەننىڭ ئاساسىي ئىدىيەسىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ، باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن، ھەتتا «ساراڭ» دەكلا بولۇپ قالغان. يەنە شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ياخشى كەسپى ۋە خىزمىتى بار. پەقەت ئۇلار قىلىۋاتقان تەتقىقات توغرىلىق پاراڭلاشمىسىلا، شۇنداق نورمال ئادەم، لېكىن شۇ قىلىۋاتقان تەتقىقاتى توغرىلىق سۆز بولۇپ قالسا، ئاجايىپ بىر خىل بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق جاھىل، شۇنداقلا سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىۋاتقىنىڭىز بىلەن قىلچە پەرۋا قىلماي، پەقەت ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى توختىماي سىڭدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى بايان قىلغان ئىلىم - پەن ۋە پەن ساھەسىدىكى ئىختىلاپ بەك چوڭ بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئورتاقلاشقىلى بولمايدۇ. ئالىملارنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس، كۆپ قىسىم ئادەملەردە ئىلىم - پەن ساپاسى كەمچىل، قىلغىنىمۇ ھەقىقىي ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ئەمەس، قىممىتى بار نەرسىلەر بەك ئاز، شۇڭا بىز بەكرەك پەرقلەندۈرمەيلا بىر تاياقتا ھەيدەيمىز، ئەمەلىيەتتە بۇ سەل ئادىل بولماي قالىدۇ، لېكىن ئالىملارنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدىغان ۋاقتى يوق.

قارىماققا ئىشەنچىسىز بولغان نەتىجىلەرگە قارىتا، ئالدىراپ ئىنكار قىلماي، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ باھالىتىش لازىم. ئىشتىن سىرتقى ئالىملارنى پەرقلەندۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا بىرقىسىم ياردەملەر بىلەن تەمىنلىگەندە بەلكىم ياخشى نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

www.uyghurkitap.com



# قوغۇندا كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەر

راخمانجان رۇسۇل
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسى)

ئۈسۈملۈكلەرمۇ جانلىقلارغا ئوخشاش ھەم بىيولوگىيەلىك ھەم فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. جانلىقلاردا بىرەر خىل ماددا ياكى بىرەر خىل ۋىتامىن كەم بولسا، بىرەر خىل ياكى بىرقانچە خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغانغا ئوخشاش، ئۈسۈملۈكلەردىمۇ بىرەر خىل ماددا كەم بولسا ئوخشاشلا كېسەللىك پەيدا بولۇپ، ھوسۇل ئالغىلى بولمايلا قالماستىن، سۈپىتىگە تەسىر يېتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولمايدۇ. يېزا - قىشلاقلاردا زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەرنى كۆپ ھاللاردا تەبىئەتكە، تەقدىرگە باغلاپ، ئالدىنى ئېلىش، سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، چارە - ئامال ئىزدىمەسلىك ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېغىر زىيان تارتىپ، باي بولۇش قەدىمى تېز بولماي، قورساق بېقىپلا ئۆتۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئىنتايىن مۇھىم. تۆۋەندە قوغۇندا كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەر توغرىسىدا توختىلىمەن:

**1. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان يىلتىز چىرىش كېسەللىكى**

1) كېسەللىك ئالامىتى

بۇ كېسەللىك مايسىخانا ۋە ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ھەممىسىدە يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا قوغۇن مايسىسى ياكى يۇمران پىلەكلەر زىيانغا ئۇچراپ، ئۆسۈشى ئاستىلاپ كېتىدۇ. پىلەكلىرى ئاۋاق بولۇپ قالىدۇ. پىلەكلىرى ۋە يوپۇرمىقى سارغىيىپ، ئۇزۇنغىچە يېڭى يوپۇرماق چىقارمايدۇ. يېڭىدىن يىلتىز تارتالمايدۇ. كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولغاندا يىلتىز قوۋزۇقى دات رەڭگە كىرىپ چىرىيدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

قوغۇندا كۆرۈلىدىغان يىلتىز چىرىش كېسەللىكىنى تۇپراقتىكى سۇنىڭ ماسلىشالماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قوغۇنلارنىڭ مايسا مەزگىلى ياكى شۇ چاغدىكى ھۆل، تۇتۇق ھاۋا كىلىماتى تەسىرىدىن تۇپراقنىڭ نەملىكى ئېشىپ، ئوكسىگېن يېتىشمەي يىلتىز چىرىش كېسەللىكى كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ نەم تۇپراق، يېپىشقاق يەرلەرنىڭ زەي قاچۇرۇش ئۈنۈمى ياخشى بولمىسا، يامغۇردىن كېيىن تۇپراقنىڭ نەملىكى تېخىمۇ ئېشىپ، ئوڭايلا بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) زەي قاچۇرۇش شارائىتى ياخشى جايلارنى تاللاپ مايسا ئۆستۈرۈش ياكى تېرىش لازىم، نەم تۇپراق ۋە يېپىشقاق تۇپراقتا ئۇرۇق سېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(2) مايسا مەزگىلىدە ئىمكان بار ئاز سۇغىرىش، يەرنىڭ نەملىكىگە ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا كاپا-

لەتلىك قىلىش لازىم. تۈپ قالدۇرغاندىن كېيىن، ئارقاقنى ۋاقتىدا بوشىتىش، يامغۇردىن كېيىن زەي قاچۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

(3) ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ئېتىزلاردىكى ياكى ئايرىم تۈپلەردە يىلتىز چىرىش كېسەللىكىنى بايقىغان ھامان، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرى قوللىنىش، شامالدىتىپ قۇرۇتۇش، تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىش، شەرت - شارائىتى بار ئورۇنلار يوپۇرماق گۆھىرى پۈركۈپ، ئوزۇقلۇقنى تولۇقلاش لازىم.

(4) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش

كېسەللىك يۈز بېرىشنىڭ دەسلىپىدە 50% لىك تۈزىت (退菌特) پاراشوكىنى 800 - 1000 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 50% لىك تىرام (福美双) پاراشوكىنى 500 - 800 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا بولىدۇ ۋە ياكى 65% لىك زىنېپ (代森辛) نى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى بوردو (波尔多) سۇيۇقلۇقىنى 1:1:200 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر موغا 50 كىلوگىرام ئەتراپىدا، ھەر 7 - 10 كۈندە بىر قېتىمدىن چاچسا بولىدۇ.

**2. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان ئاپتاپ چېقىش كېسەللىكى**

قوغۇندا كۆرۈلىدىغان ئاپتاپ چېقىش كېسەللىكىنى دېھقانلار كېسەللىك قاتارىدا كۆرمەي، ئۇنى كۈن نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشىدىن بولغان دەپ قارىغاچقا، ھېچقانداق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللانمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قوغۇن تېرىدىكى زىراﺋەتلەردىلا كۆرۈلىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلگەن قوغۇننىڭ تەمى ياخشى بولمايدۇ، قەنت ماددىسى تۆۋەن بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە مەھسۇلاتقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ، ئالدىنى ئېلىش ھەم يوقىتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

1) كېسەللىك ئالامىتى

كۈچلۈك كۈن نۇرى تەسىرىدىن قوغۇن يۈزىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئاپتاپ چېقىپ، شۇ جاينىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، سارغۇچ ياكى ئاقۇچ رەڭگە كىرىپ قالىدۇ. نەم ھاۋادا كېسەل تەگكەن ئورۇندا ئوڭايلا كېسەللىك ۋىرۇسى چىرىتكۈچ مىكروب ھاسىل بولۇپ، قارا مەڭ شەكىللىك ماددىغا ئايلىنىدۇ - دە، قوغۇننى قاداقلاشتۇرۇپ، تەمىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، قوغۇنلار ئاپتاپ چاققان يەردىن سېسىشقا باشلايدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

كۈچلۈك كۈن نۇرى تەسىرىدىن قوغۇننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زۆرۈر مەلۇم ماددىنى خورىتىپ، ئاپتاپ چاققان جاينى زەخىملەندۈرۈش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) مۇۋاپىق دەرىجىدە زىچ تېرىش، قوغۇن پىلىكىنى تەكشى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، يوپۇرماقلىرى بىلەن قوغۇن سويمىسىنى ياپتۇرۇش ئارقىلىق كۈن نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈپ قوغۇننى زىيانلاندۇرۇشىدىن ساقلىنىش لازىم.

(2) ئورۇق تاللاش ۋاقتىدا ئاپتاپ چېقىپ كەتكەن قوغۇن ئورۇقىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك قوغۇن ئورۇقىنى تاللاش لازىم.

(3) قوغۇننى زىچ تېرىغاندا، قوغۇننىڭ پىلىكى بەك باراقسان ئۆسۈپ كېتىپ، كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشمىگەچكە شامال ئۆتۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شامال ئۆتۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**3. قوغۇننىڭ يېرىلىپ كېتىش كېسەللىكى**

قوغۇننىڭ پىلەكتىن ئايرىلماي تۇرۇپ يېرىلىپ كېتىشىمۇ بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، دېھقانلار بۇنىمۇ كېسەللىك ئورنىدا كۆرمەي ئېغىر زىيان تارتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلگەن قوغۇنلار توشۇشقا، ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشقا قولايسىز، چىدامسىز بولۇپ، ياراتقان ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ تۆۋەن بولىدۇ.

1) كېسەللىك ئالامىتى

قوغۇن يۈزىدە يېرىقچىلار ھاسىل بولىدۇ. مۇد-

www.uyghurkitap.com



لەق كۆپ ساندىكى قوغۇنلار ساپىقى تۈۋىدىن يېرىلىدۇ، شاپىقى قېلىن قوغۇنلار ئاز يېرىلىدۇ ياكى يېرىلمايدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

قوغۇن يېرىلىش كېسەللىكى قوغۇننىڭ سۇ تەركىبى تەكشى بولماسلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېۋىلىرىنىڭ ئاخىرقى ئۆسۈش - يېتىلىش مەزگىلىدە قوغۇن شاپىقى قېلىنلاپ بەزلىشىپ، قاتتىق يامغۇر ياكى سوغۇق سۇنىڭ قۇيۇلۇشى بىلەن سۇنى ئۆزىگە كۆپ سۈمۈرۈۋېلىپ، بەزلەشكەن قوغۇن شاپىقى تېز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان قوغۇن ئىچىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بېرەلمەي يېرىلىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) مۇۋاپىق مىقداردا زىچ تېرىش لازىم.

(2) كېسەللىكنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش لازىم، بولۇپمۇ يوپۇرماق قۇرۇش كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كۆپ خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۇپراق نەملىكىنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

(3) قوغۇن ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇۋەتمەي مۇۋاپىق مىقداردا قويۇپ، قوغۇن سويمىسىنىڭ ۋە تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاشقا ئىمكان يارىتىپ بېرىش لازىم.

## 4. قوغۇننىڭ سېسىپ كېتىش كېسەللىكى

1) كېسەللىك ئالامىتى

بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى نېپىز شاپاقلىق قوغۇنلاردا كۆرۈلىدۇ. قوغۇن پىشىش مەزگىلىدە قوغۇن شاپىقىدا قاپارتقۇ شەكلىدە يېشىل سۇلۇق قاپارتقۇلار ھاسىل بولۇپ، شاپىقى يۇمشاپ، بارماق بىلەن يەڭگىل باسسىمۇ، باسقان جايىدا ئويمانچاق ھاسىل بولىدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

تۇپراقتىكى كالتسىي ئېلېمېنتىنىڭ كەمچىل ياكى كالتسىينى قوبۇل قىلىش توسالغۇغا ئۇچراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئازوتلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتلارنى كۆپرەك ئىشلەتكەن قوغۇن ئېتىزلىرىدا قوغۇن مايسىلىرىنىڭ كالتسىينى قوبۇل قىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، قوغۇن سورتى ئوخشاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خىل كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى ئوخشاش بولمايدۇ ۋە پەرقلىنىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىش، ئوغۇت بەرگەندە تەركىبىدە ھاك ماددىسى بار ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، كالتسىي ئېلېمېنتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(2) ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش. ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ قۇرغاقلىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن مايسىنىڭ كالتسىي سۈمۈرۈپ ئېلىشىغا تەسىر يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

(3) يوپۇرماق ئوغۇتى بېرىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش. كالتسىي مىقدارى كەمچىل بولغان ئېتىزلارغا 0.3% لىك كالتسىي فىلورىد (氯化钙) سۇيۇقلۇقىنى بىر - ئىككى قېتىم چېچىش ئارقىلىق تولۇقلاش لازىم.

## 5. سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكى

1) كېسەللىك ئالامىتى

سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكى قوغۇننىڭ پىشىش مەزگىلىدە كۆرۈلىدۇ. چۈش مەزگىلىدە پىلەك يوپۇرماقلىرى سولىشىپ، كەچتە ئەسلىگە كەلمەي، تەدرىجىي قۇرۇپ ئۆلىدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

قوغۇن تۈپىنىڭ يىلتىزى ياخشى تەرەققىي قىلماي، سۈمۈرۈپ ئالغان سۇ يېتىشمەسلىكتىن سۇنى قوغۇن مېۋىسىگە تەكشى يېتىشتۈرۈپ بېرەلمەي، قوغۇن يىلتىزىنىڭ تەرەققىي قىلىشى توسالغۇغا ئۇچراشتىن يۈز بېرىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىش لازىم. ئېتىزلاردىكى قوغۇن تۈپلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، ئورگانىك ئوغۇت ۋە بىيولوگىيەلىك ئوغۇتنى مۇۋاپىق تەڭشەش، قوغۇن مايسىلىرىنىڭ سۇنى يېتەرلىك سۈمۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(2) قوغۇننىڭ سويما سانىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، قوغۇن تۈپىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولمىسا، سويما سانىنى ئازايتىپ، بىر قىسىم سويمىلارنى ئۈزۈۋېتىش لازىم.

(3) ۋاقتىدا سۇغىرىش. تۇپراقنىڭ ھەددىدىن زىيادە قۇرغاق بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكى كۆرۈلگەن قوغۇن ئېتىزلىرىنى ۋاقتىدا سۇغىرىپ، سۇغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**6. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان ئازوت يېتىشمەسلىك كېسەللىكى**

دېھقانلار قوغۇن ئېتىزلىرىدا كۆرۈلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى قوغۇنغا كېرەكلىك بەزى ئېلېمېنتلارنىڭ كەملىكى ياكى ئېشىپ كېتىشىدىن بولىدىغانلىقىنى بىلمەي، ئۇنى تەبىئەتتىن، تەقدىردىن كۆرۈپ ئالدىنى ئالمايدۇ ياكى ئالدىنى ئېلىشنى بىلمەي ئېغىر زىيان تارتىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرمۇ خۇددى جانلىقلارغا ئوخشاش تېنىدە مەلۇم ئېلېمېنت (ماددا) ئېشىپ كەتكەن ياكى يېتىشمىگەن بولسا كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ.

1) كېسەللىك ئالامىتى

قوغۇن تۈپلىرىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ياخشى بولمايدۇ، يوپۇرماقلىرى ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ تەدرىجي سارغىيىدۇ، ئەڭ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلىرى كىچىكلەيدۇ، پۈتكۈل غولى ۋىجىكلەپ قالىدۇ، سويمىسى ئۇچلۇق ھەم مايماق چۈشىدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

تۇپراقتىكى ئازوت ماددىسىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن بولىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىپ، ئازوت مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قوغۇن تېرىغاندا ئاساسىي ئوغۇتقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش، ئورگانىك ئوغۇتقا بىرىكتۈرۈپ، بىيولوگىيەلىك ئوغۇتلارنى بېرىش كېرەك. پۈتكۈل ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدا ئازوت بىلەن فوسفورنىڭ تەكشى بولۇشىغا، قوغۇننىڭ كالىينى قوبۇل قىلىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قوغۇننىڭ مەھسۇلاتىغا، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، شېكەر ماددىسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(2) قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوغۇتنى چېچىش لازىم.

ئازوتلۇق ئوغۇت بەرگەندە نورمىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش ھەمدە فوسفور، كالىي مىقدارىنىڭ كەملىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، باشقا ئېلېمېنتلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگىمۇ قاراش لازىم. ئادەتتە پىنشىباۋ (喷施宝)، لۈلىڭباۋ (绿灵宝)، سۇ فىڭباۋ (促丰宝) قاتارلىق يوپۇرماق گۆھەرلىرىنى چاچسىمۇ بولىدۇ. بۇ يوپۇرماق ئوغۇتلىرى تەركىبىدە ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار بولۇپ، بۇلاردىن باشقا چىرىندى كىسلاتاسى (腐植酸) بىلەن باشقا مىكرو ئېلېمېنتلارمۇ بولغاچقا، ئۈنۈمى تېز ھەم ياخشى بولىدۇ.

**7. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان فوسفور يېتىشمەسلىك كېسەللىكى**

1) كېسەللىك ئالامىتى

يوپۇرمىقى كىچىكلەپ، يوپۇرماق رەڭگى توق يېشىلغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلۈپ كېيىنكى باسقۇچقا كەلگەندە، ئاستىدىكى يوپۇرماقلىرىدا تەكشى بولمىغان كۆكۈش داغلار ئوخشاشمىغان دەرىجىدە پەيدا بولىدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

تۇپراقتىكى ئۈنۈملۈك فوسفور ئېلېمېنتى يېتىشمەسلىك ياكى قوغۇن پىلەك غولىنىڭ فوسفورنى سۈمۈرۈپ ئېلىشى توسالغۇغا ئۇچراشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىپ، فوسفور مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. قوغۇن تېرىشتىن بۇرۇن تەركىبىدە ئازوت، فوسفور، كالىي يېتەرلىك بولغان ئورگانىك ئوغۇتلارنى بەرسە، بولۇپمۇ تەركىبىدە فوسفور مىقدارى بىر قەدەر كۆپ توخۇ گەندىسىنى بەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەھسۇلات مىقدارىنى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(2) تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوغۇتلارنى بېرىش، قوغۇننىڭ ئۆسۈش - يېتىلىش مەزگىلىدە فوسفورنىڭ يېتىشمەسلىكىنى بايقىغان ھامان يوپۇرمىقىغا كالىي دى گىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) قاتارلىق فوسفورلۇق ئوغۇت سۇيۇقلۇقىنى بىر - ئىككى قېتىمغىچە بېرىش لازىم. پىشىباۋ (喷施宝)، لۈلىڭباۋ (绿灵宝)، سۇ فىڭباۋ (促丰宝) قاتارلىق يوپۇرماق ئۆستۈرۈش دورىسى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر دورا چاچقان كۈنى يامغۇر ياغسا، قايتا چېچىش لازىم.

### 8. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان كالىي يېتىشمەسلىك كېسەللىكى

1) كېسەللىك ئالامىتى

دەسلەپتە يوپۇرماق گىرۋەكلىرى سارغىيىۋالىدۇ، كېيىن تەدرىجىي ھالدا پۈتكۈل يوپۇرماق تومۇرلىرىمۇ سارغىيىۋالىدۇ، يېڭى ئۆسۈپ چىققان يوپۇرماقلار سىرتقا قاراپ تۈگۈلىۋالىدۇ. سورتى ئوخشىمىغان قوغۇنلاردا كالىي يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئوخشاشمايدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئاز ئىشلىتىپ، كالىي ئېلېمېنتى يېتىشمەسلىك ياكى غول، يوپۇرماقنىڭ كالىينى سۈمۈرۈشى (قوبۇل قىلىشى) توسالغۇغا ئۇچراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە قۇملاق يەرلەر، ئوغۇت دۆۋىسى دۆۋىلىنىپ تۇرۇپ قالغان جايلار ياكى يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، كۈن نۇرى يېتىشمەيدىغان، تۇپراق ھەددىدىن زىيادە نەم بولۇش قاتارلىق ئامىللار يىلتىزنىڭ كالىينى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ياكى ئازوتلۇق ئوغۇتقا مايىل بولۇپ كەتسە كالىي يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىپ، كالىي مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. كۈچلۈك بىرىكمە بىيولوگىيەلىك ئوغۇت ۋە بىيولوگىيەلىك كالىيلىق ئوغۇتلارنى چوقۇم چۈشەندۈرۈشكە قاراپ ئىشلىتىش لازىم.

(2) تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىي سوسفات (磷钾酸) نى ھەر گېكتارغا 45 - 67 كىلوگىرامغىچە يىلتىزىغا بىر قېتىم بەرسە، 0.02% لىك كالىي فوسفات سۇيۇقلۇقىنى بىر - ئىككى قېتىمغىچە يوپۇرمىقىغا چاچسىمۇ بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا، پىنشىباۋ، لۈلىڭباۋ، سوفېڭباۋ قاتارلىق تەركىبىدە كالىي مول بولغان يوپۇرماق ئوغۇتى چاچسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، چېچىشتىكى دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

### 9. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان كالتسىي يېتىشمەسلىك كېسەللىكى

1) كېسەللىك ئالامىتى

ئۈستۈنكى يوپۇرماقلىرى بىرقەدەر كىچىكلەپ، يوپۇرماق تومۇرلىرى سارغىيىۋالىدۇ، كۆپ ساندىكى يوپۇرماقلىرى ئارقا تەرەپكە تۈگۈلىۋالىدۇ، يوپۇرماق غوللىرى ۋىجىكلەپ، ئۆسۈش نۇقتىسى قېشىدىكى يوپۇرماقلارمۇ تۈگۈلۈۋېلىپ قۇرۇش ھالىتىدە بولىدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

كالتسىي ئېلېمېنتى يېتىشمىگەن ياكى ئازوت مىقدارى كۆپ تۇپراقلاردا كالتسىي قوبۇل قىلىش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ياكى تۇپراق بەك قۇرغاق، تۇپراقنىڭ ئېرىش سۇيۇقلۇقى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئاساسىي ئوغۇت بەرگەندە كالتسىي مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئوغۇتلىغاندا ئازىراق كۈل، ھاك بار كالتسىيلىق ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

(2) ھاۋا قۇرغاق چاغدا ۋاقتىدا سۇغىرىش، تۇپراقنىڭ ئېرىش سۇيۇقلۇقى ئېشىپ كەتسە، كالتسىي قوبۇل قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

(3) غولنىڭ ئۆسۈش جەريانىدا 0.03% لىك كالتسىي خلورىد (氯化钙) ئېرىتمىسىنى ئىككى-ئۈچ قېتىمغىچە چېچىپ كالتسىي تولۇقلىسا بولىدۇ.

**10. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان سىنك يېتىشمەسلىك كېسەللىكى**

1) كېسەللىك ئالامىتى

ئوتتۇرىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇچىدىن تارتىپ سارغىيىشقا باشلايدۇ، ئاخىرىدا پۈتۈن يوپۇرماق قارىداپ كېتىدۇ، ئۆسۈش نۇقتىسى ئەتراپىدا توگۇلۇش هالىتى شەكىللىنىدۇ، ئۈستۈنكى يوپۇرماقلىرى سارغايمايدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

تۇپراقتا سىنك ئېلېمېنتى يېتەرلىك بولمىسا ياكى يىلتىزنىڭ سىنك ماددىسىنى سۈمۈرۈپ ئېلىشى توسالغۇغا ئۇچرىسا يۈز بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى تۇپراقتا سىنك ماددىسى كەمچىل ياكى تۇپراقتىكى PH قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، تۇپراق شورلىشىپ كەتكەن. ئۇ خىل تۇپراقتىكى سىنك مۇقىم بولسىمۇ، ئېرىمەگەچكە يىلتىزى ۋە غولى سۈنى سۈمۈرۈپ ئالالمايدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئاساسىي ئوغۇت بەرگەندە تەركىبىدە سىنك بار ئارىلاش ئوغۇت بېرىش، سىنك بەك كەم رايونلاردا سىنك سۇلفات (磷酸锌) قاتارلىقلارنى ھەر گېكتار يەرگە 15 - 20 كىلوگىرامغىچە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

(2) تېز ئۈنۈم بېرىدىغان 0.1%-0.2% گىچە سىنك سۇلفات سۇيۇقلۇقىنى يوپۇرماققا چېچىش لازىم.

**11. قوغۇندا كۆرۈلىدىغان بور يېتىشمەسلىك كېسەللىكى**

1) كېسەللىك ئالامىتى

يۇقىرى قىسىم يوپۇرماقلىرى يېشىل رەڭدىن قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. يوپۇرماق تېشىغا قاراپ قورۇلىدۇ. يوپۇرماق تومۇرلىرى يىگىلەپ قالىدۇ، ئۆسۈش نۇقتىسى ئەتراپىدىكى بوغۇملاردىن روشەن قىسقىرايدۇ، مېۋىسى قاتاللىشىپ كېتىدۇ.

2) كېسەللىك سەۋەبى

تۇپراقتىكى بور ئېلېمېنتى يېتىشمەسلىك ياكى تۈپنىڭ يىلتىز قىسمىنىڭ بور ئېلېمېنتىنى سۈمۈرۈپ ئېلىشى توسالغۇغا ئۇچرىغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە شور تۇپراق ئېتىزلاردا بور يېتىشمەسلىك ئوڭاي يۈز بېرىدۇ، كىسلاتالىق قۇمساڭ يەرلەرگە هاكنى كۆپ ئىشلەتسە، تۇپراق كىسلاتالىق شور تۇپراققا ئۆزگىرىپ، بور يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇپراق قۇرغاق بولسا ياكى ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپ ئىشلىتىۋەتسىمۇ، قوغۇن يىلتىزىنىڭ بورنى سۈمۈرۈشى تەسىرگە ئۇچراپ، بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

3) ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى

(1) ئاساسىي ئوغۇتنى بەرگەندە تەركىبىدە بور ئېلېمېنتى يۇقىرى ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، بورنى تولۇقلاش كېرەك.

(2) ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش لازىم. سۇغارغاندا قوغۇن تۈپلىرىنىڭ يېتەرلىك سۇ ۋە بورنى شۈمۈرۈۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(3) قوغۇننىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە 0.12% - 0.25% گىچە بوراكىس (硼砂) ياكى بور كىسلاتا سۈيى (硼酸水) ئېرىتمىسىنى يوپۇرمىقىغا چاچسا بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلغاندا، قوغۇن تۈرىدىكى (كاۋا ئائىلىسىدىكى) زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەرنىڭ تۈرى بىرقەدەر كۆپ، زىيىنى ئېغىر بولۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئالدىنى ئالسا تامامەن تىزگىنلىگىلى بولىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا، ئۇنى پەرق ئېتىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا سەۋەبىنى تېپىش ۋە ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشتۇر.

**مۇھەررىر: غالىب مۇھەممەد قارلۇق**

www.uyghurkitap.com



# قوتاندا قوي بېقىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

روزى ياسىن
(قاراقاش ناھىيەسى تۇۋەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ)

كۆپلىگەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يايلاق بولمىغانلىقتىن قوي ئادەتتە قوتاندا بېقىلىدۇ، ئۇ دېھقانچىلىقنىڭ يېشىل ئوغۇت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېشىل مەھسۇلات ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش، ھېيت - ئايەملىك گۆشلەرنى ئۆيدىن چىقىرىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ ئائىلە ئىقتىسادىنى ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئائىلىلەردە قوتاندا چارۋا بېقىش ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۈچۈن ياخشى بىر ھەرىكەت ۋە چېنىقىش ئەمگىكى. چارۋىلارغا ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز بېرىش، سۇ بېرىش، ئاپتاپقا چىقىرىش، قايتۇرۇپ كېلىشتەك بىرقاتار ئەمگەكلەر ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۈچۈن ئانچە ئېغىرمۇ كەلمەيدۇ. بۇ خىل ئەمگەكلەر ئادەمنى تەبىئىي ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، قاننىڭ ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، بەدەننى يېنىكلەشتۈرىدۇ. ئادەمنى تۈگىمەس ئەسلىمە، پىكىر خىياللاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئادەم ئۆزى باققان شۇ مال چارۋىلارنىڭ ئوت - چۆپ يېيىشلىرىنى، سۇ ئىچىشلىرىنى، كۆشەشلىرىنى، قوزا - ئوغلاقلارنىڭ ئانىلىرىنى ئېمىشلىرىنى، قوتان ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشلىرىنى كۆرسە، مەرەشلىرىنى ئاڭلىسا، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ تەبىئىي خۇشاللىق تۇيغۇلىرىغا چۆمىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن كەيپىيات ۋە سالامەتلىككە پايدىلىق، شۇڭا ئوتتۇرا ياشلار ۋە ياشانغانلار شارائىت يار بەرسە، ئائىلىدە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىشتەك جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغىنى ياخشى.

لېكىن ئائىلىدە قوتاندا قوي بېقىش، كۆپەيتىش، سەمىرتىپ سېتىش قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويسا بولىدىغان ئىش ئەمەس. بۇنىڭدا قويلارغا ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكنى زاپاس تەييارلاپ ئۈزۈلدۈرمەي بەرگەندە، ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرغاندا، ئېرىنمەي، پاسكىنىچىلىقتىن قاچماي قوتانغا كىرىپ، قويلارنىڭ قىغ، مايىقلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلاپ، قويلارنىڭ يۇڭلىرىنى ۋاقتىدا قىرىپ تۇرغاندا، ياز كۈنلىرى قويلارنى پات - پات يۇيۇپ تۇرغاندا ئاندىن قويلارنى ياخشى باققىلى، بېقىلغان بۇ قويلاردىن ياخشى ئۈنۈم ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئائىلىلەردە بورداش ياكى كۆپەيتىش ئۈچۈن قوي باققاندا ھەرگىز ھورۇنلۇق قىلماسلىق، ئېرىنچەكلىك قىلماسلىق، قويلارنىڭ ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇزنى يېيىشى، سۇ ئىچىشى، كۆششى، مايىقلىشى، مەرىشى قاتارلىقلارنى كۆزىتىپ تۇرۇش، ئەگەر نورمالسىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، دەرھال چارۋا مال دوختۇرىغا كۆرسىتىپ داۋالىتىش ياكى مۇناسىپ چارە - تەدبىرنى قوللىنىش لازىم.

ئائىلىدە بورداشقا بېقىلىدىغان قويلار ئادەتتە، تۈرلۈك ئوت - چۆپلەرنى ئوراپ بېرىش، يەم - بوغۇزلاردىن قوناقنى قايناق سۇ ياكى سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇپ يۇمشىتىپ بېرىش، قوناقنى ياما قىلىپ سامانغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، بۇغداي كېپىكىنى سامانغا ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ قىلىپ بېرىش، شال توزاندىسىنى سامانغا ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ قىلىپ بېرىش، كۈنجۈرنى سۇغا چىلاپ ئۇماچ ھالەتكە كەلگەندە سامانغا ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ قىلىپ بېرىش، چىگىت ياكى چىگىت سۇنۇقلىرىنى بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا بېقىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇللارنىڭ مەيلى قايسىسى بولسا بولىۋېرىدۇ، لېكىن چوقۇم ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. بېقىشتا تەننەرخى بەك ئېشىپ كەتمەسلىك، سەمىرىتىش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولماسلىق، ئاددىي بولۇش، ئاز سەرپىياتلىق بولۇش، بىخەتەر بولۇش، سەمىرىشى

ياخشى بولۇش، ئۇنۇمى يۇقىرى بولۇشنى قوغلىشىش لازىم. ئائىلە چارۋا مال باقمىچىلىقىدا يەنە تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئالاھىدە مۇھىم.

(1) بورداش ئۇچۇن بېقىلىدىغان قويلار بەك قېرى ياكى بەك كىچىك بولماسلىقى، تېنى ساغلام بولۇشى كېرەك. چۈنكى بەك قېرى قوينىڭ چىشى بولمىغاچقا ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكنى ئوبدان يېيەلمەيدۇ، يېسىمۇ ئوبدان ھەزىم بولماي ئاسان سەمرىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرى قوينىڭ گۆشى سەل قاتتىق بولغاچقا، بازاردىمۇ تېز ساتقىلى بولمايدۇ. بەك كىچىك قوينى باقاندا، بەرگەن يەم - خەشەكلەر ئۇنىڭ يوغىنىشىغا كېتىدۇ، شۇڭا بەك كىچىك قويمۇ ئاسان سەمرىمەيدۇ.

(2) ئائىلىلەردە قوتاندا قوي بېقىشتا ئوت - چۆپنى ئاشۇرۇپ بېرىش، قوناق چىگىتىنى دەسلەپتە ئاز - ئازدىن بېرىش، مال ئەت ئېلىپ سەمرىگەنسېرى مۇۋاپىق مىقداردا كۆپەيتىپ، قەرەللىك ھالدا بېرىپ تۇرۇش كېرەك. بەزىدە ئاز، بەزىدە كۆپ بولۇپ قالماسلىق، سۇنى ۋاقتىدا بېرىش لازىم. ياز كۈنلىرى قويلارنىڭ كۆك ئوت - چۆپلەرنى بەك كۆپ يەپ، ھەزىم قىلالماي قورسىقى كۆپۈپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. يازلىق، قىشلىق قوتانلارنى ئايرىم قىلىش، قويلارنى يازدا ئىسسىقتا قويماسلىق، قىشتا سوغۇقتا قويماسلىق لازىم.

(3) قوتاندا قوي باققۇچىلاردا يەنە كۈچلۈك ۋاقىت كۆز قارىشى بولۇش لازىم. قوي ئىگىسى ئۆيىدىن چىقىپ مېھمانغا بارغاندا، بازارغا بارغاندا، ياكى زۆرۈرىيەت بىلەن يىراق جايلارغا بارغاندا چوقۇم ئىشلىرىنى تېز تۈگىتىپ ۋاقتىدا قايتىپ كېلىشى، كېلىپلا قوتاندىكى قويلارغا قارىشى لازىم. ئەگەر بارغان يېرىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا باققان قويلىرى ئاچ قېلىشى، ئۇسساپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئوبدان بېقىلىپ، ئوبدان سەمرىگەن قويلار تويۇقسىز بىر كۈن ياكى يېرىم كۈن ئاچ قالسا، سۇسىز قالسا، قويلار ياداپ كېتىدۇ. ياداپ كەتكەن قوينى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يەنە بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدۇ.

(4) قوتاندا قوي باققۇچىلار بېقىش ئۇسۇلىنىڭ تەبىئىي بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم. قانداقتۇر شەخسىي پايدا مەنپەئەتنى دەپ، قويلارغا سۈنئىي سەمرىتكۈچى خۇرۇچ، خىمىيەلىك ئوغۇتلارنى يېگۈزمەسلىك لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا قويلارنىڭ گۆشى زىيانلىق تەركىبگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ ئىستېمالچىلارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قويلارنى پايدا ئاز بولسىمۇ تەبىئىي ئوت - چۆپ، تەبىئىي يەم - خەشەكلەر بىلەن بېقىپ، تەبىئىي سەمرىتىش لازىم.

(5) قوتاندا قوي بېقىپ، كۆپەيتىشتە ئىلمىيلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. بۇنىڭدا قويلارنىڭ ئۆزى تۇغقان قوچقاردىن نەسىللىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ھازىرقى زامان ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بىر ئۇرۇق جانلىقلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى سەككىزدىن بىرى ئوخشاش بولىدىغانلىقى، بۇ ئوخشاشلىق ھايۋاناتلارنىڭ ئۆز بالىلىرىدىن نەسىللىنىشىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇنداق ئۇرۇقلىنىپ قالسا قوزىلىرى، ئوغلاقلىرى ۋە موزايلىرى بىنورمال تۇغۇلۇپ قالىدۇ، بۇنداق تۇغۇلغان چارۋىلارنىڭ ئەي بولماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنداق ئىشلار ئەمەلىيەتتىمۇ كۆپ كۆرۈلدى. شۇ سەۋەبلىك چارۋىچىلارغا كۆپ زىيانلار بولدى. شۇڭا چارۋا مال بېقىش، كۆپەيتىشتە ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، زىيان - زەخمەتكە تەۋەككۇل قىلماسلىق، قويلارنىڭ ئۆز پۇشتىدىن نەسىللىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

(6) ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا سۇلياۋ يۇپۇق پارچىلىرى، سۇلياۋ خالتىلارنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن، قويلارنىڭ ئۇنى يەپ سېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم، چۈنكى قويلار سۇلياۋ خالتا، سۇلياۋ يۇپۇق پارچىلىرىنى يەپ سالسا بۇ نەرسىلەر قوينىڭ قورسىقىدا پارچىلانماي، ھەزىم بولماي تۈگۈنچە بولۇۋالىدۇ. نەتىجىدە قويلار ماياقلىيالماي قورسىقى كۆپۈپ ھاياتىغا ئېغىر خەۋپ يېتىدۇ. شۇڭا قويلارغا پاسار، ئوت - چۆپلەرنى بەرگەندە، سۇلياۋ يۇپۇق، سۇلياۋ خالتىلار بارمۇ - يوق ئوبدان كۆزىتىش، ئەگەر بار بولسا چوقۇم ئىلغاپ ئېلىۋېتىپ ئاندىن بېرىش لازىم.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھىمىت**

# چارۋىلارنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

مېھرىگۈل زۇنناجى
(ئاتۇش شەھەر ئۈستۈن ئاتۇش بازارلىق چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى)

قىش پەسلى كىرگەندىن كېيىن، چارۋىلار قورۇق ئوت - چۆپ، قورۇق شاخ - شومبىلارنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدىغان بولۇپ، بۇنداق قورۇق يېمەكلىكلەردە سۇ تەركىبى ناھايىتى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئوزۇقلۇق ماددىلار چارۋىلارنىڭ بەدىنىگە شۈمۈرۈلۈشى تەسىرگە ئۇچراپ، چارۋىلارنىڭ يۇڭىنىڭ پارقىراقلىقى يوقاپ، ئورغاقلىشىشتەك بىر قاتار ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، چارۋىلارنىڭ ئىشتىھاسى ۋە ساغلاملىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا قىش پەسلىدە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى ۋە باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تولۇق قىممىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. كۈزدە سەمرىتىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يېتەرلىك ئوت - چۆپنى زاپاس تەييارلاش كېرەك.

كۈز پەسلىدە چارۋىلارنىڭ سەمرىشى ۋە بەدىنىدە يېتەرلىك ماي توپلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، قىشتا بېقىلىدىغان چارۋا سانىغا ئاساسەن، زىرائەتلەرنىڭ شاخ - شومبىسىنى ۋە دانلىق يەملەرنى ئالدىن تەييارلاش، قىش كۈنى چارۋىلارنى يايلىتىپ بېقىشتا ئەتىگەنلىكى ھاۋا ئىسسىغاندىن كېيىن قوتاندىن چىقىرىش، كەچلىكى قوتانغا بالدۇر قايتۇرۇپ كېلىش، شامال ۋە جۇدۇندىن ساقلىنىش لازىم.

2. سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىپ، ئىسسىقلىقتا كاپالەتلىك قىلىش، ئىچىملىك سۈيىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

قىش كۈنلىرى ئېغىل - قوتاننى داۋاملىق رېمونت قىلىپ تۇرۇش، ئېغىل - قوتاننىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈشى، قۇرغاق ۋە ئىسسىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئېغىل - قوتان يەر يۈزىدىكى سېلىنچىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ئىچىملىك سۈيىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى ئۈچۈن، كالا، قويلارنى ھەر كۈنلۈكى ئىككى قېتىم سۇغىرىش، ئاممىياكلىق ئوت - چۆپلەرنى قەرەللىك بېرىپ بىر سائەتتىن كېيىن سۇغىرىش كېرەك.

3. بوغۇز چارۋىلار ۋە تۆللەرنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، تازىلىقىنى ياخشىلاش كېرەك.

بوغۇز چارۋىلارغا كۆكەرگەن، مۇزلاپ قالغان، زەھەرى بار ئوزۇقلۇقلارنى بېرىشتىن ئالاھىدە ساقلىنىش، ئېغىل - قوتاننىڭ ئازادە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بالا تاشلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. كۆڭۈل قويۇپ بېقىش، قوتاننىڭ دېزىنفېكسىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

قىش كىرگەندىن كېيىن ئوزۇقلۇقىغا قوناق، بۇغداي قاتارلىق ئېنېرگىيەلىك، تولۇق قىممەتكە ئىگە دانلىق زىرائەتلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ بېرىش، پاكىز ئىلمان سۇ بېرىش ھەمدە قوتاننى قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش كېرەك. چارۋىلارنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنى داۋاملىق كۆزىتىپ، كېسەللەنگەن چارۋىلارنى ۋاقتىدا داۋالاپ، ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، باقمىچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھىممەت**

# «ئەمەلىيەت 10 - نومۇر» دىكى ئون ساندۇق

ئېلىمىزنىڭ تۇنجى مىكرو ئېغىرلىق كۈچى ئىلمىي تەجرىبە سۈنئىي ھەمراھى — «ئەمەلىيەت 10 - نومۇر» 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىپ، ئالەم بوشلۇقىدا 12 كۈن ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، يىغۋېلىش بۆلۈمچىسى 18 - چىسلا يەر شارىغا قوندى. «ئەمەلىيەت 10 - نومۇر» ئالەم بوشلۇقىدىكى مىكرو ئېغىرلىق كۈچىدىن ئىبارەت ئالاھىدە مۇھىتتىن پايدىلىنىپ 19 تۈرلۈك ئىلمىي تەجرىبىنى تاماملىدى، تۆۋەندە «ئەمەلىيەت 10 - نومۇر»غا سەپلەنگەن بىر قىسىم ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىسىدىكى يۈك ساندۇقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. كۆمۈر يېقىلغۇ ساندۇقى

ئالەم بوشلۇقىدا كۆمۈر كۆيدۈرۈشنىڭ بىرەر ئىلمىي مەنىسى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. كۆمۈرنىڭ كۆيۈشى مۇرەككەپ بىر جەريان بولۇپ، يەر يۈزىدىكى شارائىتلار ئادەملەرنىڭ كۆمۈرنىڭ كۆيۈشىنىڭ ئاساسىي جەريانىغا بولغان تونۇشىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئەمما ئالەم بوشلۇقىدا ئېغىرلىق كۈچى ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى كۆيۈش مېخانىزمى ۋە ئالاھىدىلىكى شۇنداقلا ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيەت پارامېتىرلىرىنى ئۆلچىگەندە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدىغاندۇ؟ بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى يەر يۈزىدىكى كۆمۈرنىڭ كۆيۈش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، مۇھىت بۇلغىغۇچى ماددىلارنىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئازايتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



### 2. Soret تەجرىبە ساندۇقى

بۇ تەجرىبە تۈرى نېفىت قېزىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نېفىتلىكتىكى نېفىت تەركىبىنىڭ



تارقىلىشى ۋە ماي - گاز چېگرا يۈزى ئورنىنى ئىمكانقەدەر توغرا پەرەز قىلىپ، نېفىت قېزىش ۋە تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، Soret كوئېففېتسېنتى (ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىش كوئېففېتسېنتى) غا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ۋەھالەنكى، يەر يۈزىدىكى دائىملىق ئېغىرلىق كۈچى شارائىتىدا كونۋېكسىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئىدېئال ھالەتتىكى ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىش كوئېففېتسېنتىغا شۇنداقلا Soret كوئېففېتسېنتىنىڭ توغرا بولغان سانلىق مەلۇماتلىرىغىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلتۈرۈلگەن نېفىت ئەۋرىشكىلىرىنى ئالەم بوشلۇقىدىكى مىكرو ئېغىرلىق كۈچى شارائىتىدا توغرا ئۆلچىگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



### 3. مېتاللوئىد ماتېرىياللار كۆيۈش ساندۇقى

مېتاللوئىد ماتېرىياللارنىڭ مىكرو ئېغىرلىق كۈچى شارائىتىدا كۆيۈش تەجرىبىسى بولسا ئادەم چۈشىدىغان ئالەم ئاۋىياتسىيە ۋاستىسىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش مەسىلىسى ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. ئالەم ئاۋىياتسىيە ۋاستىسى بۆلۈمچىسى ئىچىگە ئوت كېتىش بولسا ئادەملىك ئالەم ئاۋىياتسىيە ۋاستىسى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەھدىتلەرنىڭ بىرى، بۇنىڭدىن بۇرۇن خەلقئارادا ئاچچىق ساۋاقلار بولغان. مىكرو ئېغىرلىق كۈچى شارائىتىدا ماتېرىياللارغا ئوت كېتىش، كۆيۈش، ئىس-تۈتەكلەرنىڭ ئاجرىلىپ چىقىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىش، ھەم ئېغىرلىق كۈچى شارائىتىدىكى كۆ-



يۈش قانۇنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش، ھەرخىل مېتاللوئىد ماتېرىياللارنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلەش، ئېلىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئالەم بوشلۇقى پونكىتى قۇرۇلۇشىغا ياردىمى بار.

### 4. تۆرەلمە يېتىلدۈرۈش ساندۇقى

«ئەمەلىيەت 10 - نومۇر» نىڭ ئىچىگە ئىككى ھۈجەيرىدىن تەشكىل تاپقان نەچچە مىڭ دانە چاشقاننىڭ دەسلەپكى تۆرەلمىسى قاچىلانغان ساندۇق سەپلەنگەن. سۈنئىي ھەمراھ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئون نەچچە سائەتتىن كېيىن، تەتقىقاتچىلار يوللانغان سۈرەتتىن شۇنى بايقىدىكى، چاشقان ھۈجەيرىسى بۆلۈنۈپ يېتىلىشكە باشلىغان، ئىككى ھۈجەيرىدىن تۆت ھۈجەيرىگە، ھەتتا سەككىز ھۈجەيرىگىچە بۆلۈنۈپ كۆپىيىپ 60 سائەتتىن كېيىن، بەزى چاشقان تۆرەلمىلىرى يېتىلىپ خالتىلىق تۆرەلمىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئەۋرىشكىلەرنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئالەم بوشلۇقىنىڭ تۆرەلمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياكى تىزگىنلەيدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ مېخانىزمىنىڭ قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلىغان.



### 5. پىلە قۇرتى يېتىلدۈرۈش ساندۇقى

ھازىرقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالەم بوشلۇقى شارائىتى پىلە قۇرتىنىڭ گېنىنى ئۆزگەرتەلەيدىكەن، بىراق، بۇ جەرياندا قايسى گېنلاردا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى، ئاقسىلنىڭ تۈرى ۋە مولللۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزگە نامەلۇم. ئالەم بوشلۇقى شارائىتىدا پىلە قۇرتى تۆرەلمىسىنى 12 كۈن يېتىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گېنىدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەر تەتقىق قىلىنماقتا، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى باشقا جانلىقلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇزۇن مۇددەت مىكرو ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى، بوشلۇق رادىياتسىيەسى، مۇت-



لەق ۋاكۇئۇم ھالەت قاتارلىق يەر يۈزى ئامىللىرىغا ئوخشىمايدىغان ئامىللارنىڭ ھايۋاناتلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

### 6. غول ھۆجەيرە ساندۇقى

ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىدا ئۇزۇن مۇددەت ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، بوشلۇق ھاياتلىق ئىلمىگە ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەرنى مەسىلەن، ئېغىرلىق يوقىتىش، ۋاكۇئۇم، ئالەم رادىياتسىيەسى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا (ياكى تۆۋەن تېمپېراتۇرا) قاتارلىق ئالەم مۇھىت ئامىللىرىنىڭ ھاياتلىق جەريانىغا بولغان تەسىرى دېگەندەكلەرنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. بۇ تەجرىبە خەلقئارادىكى تۇنجى مىكرو ئېغىرلىق شارائىتىدا قان ئىشلەش ۋە نېرۋا غول ھۆجەيرىسىنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك تەتقىقاتى بولۇپ، مىكرو ئېغىرلىق شارائىتىدىكى ھۆجەيرىلەرنىڭ



ئۈچ ئۆلچەملىك ئۆسۈشىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى يېڭىلاش، بۆلۈنۈش ۋە ئۈنۈمىنىڭ تەسىرىنى ئېچىپ، نۆۋەتتىكى غول ھۆجەيرىنىڭ بۆلۈنمەي كۆپىيىش، يۇقىرى ئۈنۈمدە يۆنىلىشلىك بۆلۈنۈش، ئۈچ ئۆلچەملىك تەشكىلىي قۇرۇلما قاتارلىق دۇنياۋى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى يولىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ بېرىدۇ.

### 7. يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك ساندۇقى

ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئېرسىيەت مېخانىزمى يەر شارىدا ئەزەلدىن بولمىغان مىكرو ئېغىرلىق كۈچى يېڭى مۇھىتى ۋە كېچە - كۈندۈز شۇنداقلا پەسىلنىڭ دەۋرىيلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قانداق ماسلىشىدۇ؟ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى كۆپلىگەن



بوشلۇقتا ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈش تەجرىبىسى گەرچە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مىكرو ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تولۇق شەرھىلەپ بېرەلمىگەن، بولۇپمۇ ئۆسۈملۈكنىڭ چېچەكلەش جەريانى. بۇ قېتىمقى تەجرىبە يېڭىچە نۇقتىدا تۇرۇپ، مىكرو ئېغىرلىق كۈچى شارائىتىدا يورۇقلۇق دەۋرىيلىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكنىڭ چېچەكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مولېكۇلا مېخانىزمىنى تونۇشقا چوڭ ياردىمى بولغۇسى.

### 8. كوللوئىد ماتېرىيال ساندۇقى

كوللوئىد دېگىنىمىز بىر خىل ئۇششاق دانىچىلارنىڭ يەنە بىر خىل سۇيۇقلۇقتا تارقىلىشى

www.uyghurkitap.com





بولۇپ، ئۇششاق دانچىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى نانومېتىر بىلەن مىكرومېتىرنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. كوللوئىدلارنىڭ كىرىستال قۇرۇلمىسىنىڭ تىزىلىش دەۋرىيلىكى دەل يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقىنىڭ سانلىق مىقدارى بولۇپ، يورۇقلۇقنىڭ تارقىلىش يولىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، شۇڭا فوتون كىرىستالى دەپ ئاتىلىدۇ. فوتون كىرىستالى يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ۋە يەتكۈزۈش ۋاسىتىسىغا ئايلىنالىشى مۇمكىن. مىكرو ئېغىرلىق شارائىتىدا كوللوئىد زەررىچىلىرىنىڭ قاتتىق ھالەت، سۇيۇق ھالەتتىكى چېگرا رايونىنىڭ ئۆزلۈكىدىن بىرىكىش ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش بولسا خەلقئارادا تۇنجى قېتىملىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 9. رادىياتسىيە گېن ساندۇقى

كىچىك ئۆي چاشقىنى ھۈجەيرىسى بىلەن مېۋە چىۋىنى يېتىلدۈرۈش ئۈسكۈنىسى، ئالەمگە ساياھەت قىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كىچىك ئۆي چاشقىنى ھۈجەيرىسى بىلەن مېۋە چىۋىنى ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بوشلۇق رادىياتسىيەسىنىڭ گېن گورۇپپىسىغا بولغان تەسىرى ۋە ئىرسىيەت ئېففېكتىنى نورمىلىق تەتقىق قىلىپ، بوشلۇق رادىياتسىيەسىگە سەزگۈر بولغان يېڭى بىيو مولېكۇلاسىنى تېپىپ بوشلۇق رادىياتسىيەسى ئېلىپ كېلىدىغان خېيىم - خەتەر ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى بولغان ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئۆلچەش ۋاسىتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.



## 10. كۆپ ئىقتىدارلىق ئوچاق

كۆپ ئىقتىدارلىق ئوچاق بولسا، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، ئۇ سەككىز خىل يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات، شۇنداقلا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيال، قېتىشما ماتېرىيال ۋە مېتال ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدە، ئېغىرلىق كۈچى تەسىرىدە شەكىللەنگەن لەيلىتىش كۈچى كونۋېكسىيەسى، ئېغىرلىق كۈچى زىچلىقىنىڭ قەۋەتلەرگە بۆلۈنۈشى قاتارلىق ھادىسىلەر يۈز بەرگەچكە، ماترىياللارنىڭ ئىقتىدارى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەمما مىكرو ئېغىرلىق شارائىتىدا كىرىستاللارنىڭ ئۆسۈش تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشتا لەيلىتىش كۈچى كونۋېكسىيەسى ۋە ئېغىرلىق كۈچى چۆكۈش ئېففېكتىنىڭ دەخلى قىلىشىنى چىقىرىۋەتكەندە، يەر يۈزىنىڭ ئېغىرلىق كۈچى مەيدانىدىكى تەستە ئۆسىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ماتېرىيالغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مەمتىمىن مەمەت**

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# كىتاب ئوقۇشتىكى بەش ئاچقۇچ



كىتاب ئوقۇش بىر خىل كۆڭۈللۈك ئىش بولسىمۇ، بىراق ھازىرقى زامان كىشىلىرى كىتاب ئوقۇشنى ناھايىتى ھارغىنلىق ۋە ئازاب ھېس قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنداقتا مەن كۆپچىلىككە كىتاب ئوقۇشتىكى بەزى ئاچقۇچلارنى ئېيتىپ بېرەي. بۇ ئاچقۇچلار ناھايىتى ئوبرازلىق بولۇپ، ئۇلار ئورۇقلاش، باشنى كۆتۈرۈش، تەرتىپلەش، ئۆزگە قايىتىش، زىيادە سەزگۈرلۈكتىن قۇتۇلۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## ئورۇقلاش

بىز ناھايىتى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇدۇق، شۇڭا ئەمدى ئورۇقلاپ بەدىنىمىزنى يېنىكلىتىشىمىز كېرەك. بىز بۇنداق كىتاب ئوقۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرگەن: ئۇلار ئىجتىھاد بىلەن كىتاب ئارىيەت ئالىدۇ، كىتاب سېتىۋالىدۇ، كىتاب ساقلايدۇ، مەستانىلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، ئەمما، لېكىن سىز ئۇلاردىن، شۇنچە ئۇزۇن يىل كىتاب ئوقۇپسىلەر، ئۇنداقتا قايسى كىتابلارنى بەكرەك ياقتۇردىڭلار؟ قايسى كىتابلار سىلەرگە بەكرەك تەسىر قىلدى؟ قايسى بىر يازغۇچىنىڭ كىتابى سىلەرنىڭ ئادىمىيلىكىڭلارغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئۇلار ھەمىشە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ناۋادا كىتاب ئوقۇشنى دوست تۇتۇشقا ئوخشاتساق، ئۇنداقتا بۇنداق كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەملەر بەئەينى ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇندىكى ھەممىگە باش لىڭشىتىدىغان، ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىدىغان، كۆرۈشكەنلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسىگە ئىسىم كارتىسى تارقىتىدىغان ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەرگە ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، بۇنداق كىشىلەردە ئۆزىنى بىلىش تۇيغۇسى ۋە چوڭقۇر دوستلۇق دېگەنلەر بولمايدۇ. ئۇنۇمسىز ۋە ئەھمىيەتسىز كىتاب ئوقۇش ھالىتىدىن ئاشالمىغان ھالدا كىتاب ئوقۇشتىن ئادەم قانداقمۇ خۇشاللىق تاپالىسۇن؟

قارىغۇلارچە كىتاب ئوقۇماي، ياخشى كىتابلارنى

تاللاپ تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلارغا، كۆپ كىتاب ئوقۇش؛ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق كىشىلەرگە، ئاز ھەم ساز ئوقۇش تەكلىپى بېرىمىز. ئۆلىمالارمۇ «ئۇستىلىڭىزدە ئىككىنچى بىر كىتاب ئارتۇق تۇرمىسۇن» دېيىش ئارقىلىق بىزگە كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىدىن بىشارەت بەرگەن.

### باشنى كۆتۈرۈش

ئوقۇشقا بىرئاز كۈچ سەرپ قىلىدىغان، ئوقۇماق بىرئاز قىيىن بولغان بەزى كىتابلارنى ئوقۇغاندا، باشنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراپ تۇرۇپ ئوقۇسا، ئادەم ھاياتتىن تېخىمۇ ھوزۇرلىنالايدۇ. بىر يازغۇچى ھەمىشە سەۋىيەسى ئۆزىنىڭ سەۋىيەسى بىلەن ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ناچار بولغان ئەسەرلەرنى ئوقۇسا، ئۇ يازغۇچىنىڭ سەۋىيەسى ئاشامدۇ؟ كىتاب ئوقۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتە كىتاب ئوقۇغاندا ئەڭ نادىر كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش كېرەك. تاللانغان نادىر كىتابلارنى ئوقۇغانلىق — يۇلتۇزلۇق ئاسمانلارغا تەلپۈنگەنلىك — ئەڭ ئېگىزگە يېقىنلاشقانلىق بولۇپ، گەرچە بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇشقا بىرئاز كۈچ كەتسىمۇ، ئەمما كىتاب ئوقۇشتىكى ئەڭ مۇھىم خۇشاللىق دەل مانا مۇشۇنداق كۈچ كەتكەن شۇ كىتابلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ.

### تەرتىپلەش

«باشنى.كۆتۈرۈپ كىتاب ئوقۇش» نى بىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە تەرتىپلەشنىمۇ بىلىۋېلىش كېرەك. ھەر قېتىم بىر يېڭى ساھەگە كىرگەندە، ئاۋۋال ئوقۇماقچى بولغان كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى ئېنىق ئايرىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن يۇقىرى نۇقتىنى ئىگىلەپ، تېز ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

### ئۆزىگە قايتىش

كىتاب ئوقۇغاندا، ئادەم ئەڭ ئاخىرى چوقۇم ئۆزىنى تاپالايدۇ، ھەم شۇنداقلا، يەنە ئۆزىگە قايتالايدۇ. ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىتابلارنى ئوقۇماسلىق كېرەك. تاللانغان ئېسىل كىتابلار بەك كۆپ بولۇپ كەتكەندە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا، سىزنىڭ ھاياتىي قۇرۇلمىڭىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان كىچىك بىر بۆلەكى بولىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇنى سىز ھامان تاپالايسىز ... ھەم بەزى ۋاقىتتا ئۆزىڭىز ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ئىبارىلەردىن، تەپەككۇر ئۇسۇللىرىدىن بۆلەكچە زوق ئالالايسىز. مانا بۇ سىزنىڭ ئاپتور بىلەن «ئىزومورفىزم» لىق مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ بارلىقىنى، ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتور بىلەن مۇشۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل تەقدىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### زىيادە سەزگۈرلۈكتىن قۇتۇلۇش

كىتاب ئوقۇشتا يەنە زىيادە سەزگۈرلۈكتىن قۇتۇلۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بۇ خۇددى نۇرغۇن دوستلار بىرلىكتە تاماق يېگەندە ھەممىسى ئوخشاشلا شۇ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش توغرىسىدا پاراڭلاشقانغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشمىسىمۇ بولمايدۇ، بىراق بۇلار ئۈستىدە پاراڭلىشىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. كىتاب ئوقۇشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بولۇپ، نۇرغۇن نادىر ئېسىل كىتابلارنى كۆپچىلىك ئۆزئارا ئۇنىڭدىن - بۇنىڭغا تارقىتىشىدۇ، بۇنداق قىلىش شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟ بۇلارنى چوقۇم ئوقۇش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم، ھوشيار بولۇش كېرەك. ھەقىقىي ياخشى كىتاب ئۇنداق ئاسان ئومۇملاشمايدۇ، كۆپچىلىك ئويلىنىپ كۆرەيلى، ناۋادا كۇڭزى، لاۋزىلارنىڭ ئەسەرلىرى شۇلار ياشىغان شۇ دەۋرگە قايتۇرۇلۇپ شۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى تاللىشى بىۋاستە ئاۋازغا قويۇلسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەسەرلەر تاللىنالارمۇ؟ ... ، بۇ مۇمكىن ئەمەس.

**تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربانجان يۇسۇپ**
**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# «پاتېنت هوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش» ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئەهمىيىتى

ئۆينى، ماشىننى گۆرۈگە قويغاننى ئاڭلىغان، لېكىن «پاتېنت هوقۇقى» نى گۆرۈگە قويغاننى ئاڭلىغانمۇ؟

پاتېنت هوقۇقى — دۆلەت ياكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇلى، ياساش ئۇسۇلى، لايىھەسى قاتارلىق ئەقلىي ئەمگەككە بېرىلىدىغان بازار قىممىتى بار شەكىلسىز هوقۇق. قانۇندا «پاتېنت هوقۇقىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ياكى ئۇنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىشكە، ئېلىپ ـ سېتىشقا ۋە گۆرۈگە قويۇشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

پاتېنت هوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇش دېگىنىمىز، پاتېنت ئىگىسى قانۇنلۇق پاتېنت كىنىشكىسى ئارقىلىق يازما شەكىلدە گۆرۈگە ئالغۇچى تەرەپ بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەنگە ئالدۇرۇپ، قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق قانۇنىي ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. پاتېنت هوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش گۆرۈگە قويغۇچى، گۆرۈگە ئالغۇچى قاتارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق مەنپەتنى قانۇن بويىچە قوغداش تۈزۈمىدىن ئىبارەت.

پاتېنت هوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش پاتېنت ئىگىسىنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشتا مۇهىم بولغان قانۇنىي قوغداش ۋە قوغدىنىش قورالى بولۇپ، پاتېنتقا ئېهتىياجلىق كىشى ۋە پاتېنت ئىگىسى ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداشتىكى ئۈنۈملۈك كېلىشىش ۋاستىسى بولۇپ، قانۇنىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەهەتلەردە مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە هەرىكەت هېسابلىنىدۇ. پاتېنت هوقۇقىنى گۆرۈگە ئالغۇچى ۋە گۆرۈگە قويغۇچى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي هەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرغاندا ئورۇنسىز ئىقتىسادىي زىيانلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە كونترول قىلغىلى بولىدۇ. كەسىپتە توختىماي يېڭىلىق يارىتىۋاتقان كىشىلەرگە ۋە يېڭى مەهسۇلات، يېڭى تېخنىكا هەم مۇئەييەن ساندىكى پاتېنتقا ئىگىدارلىق قىلىۋاتقان پاتېنت ئىگىلىرى بولغان كارخانىلارغا ئويلىمىغان ئىقتىسادىي قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

پاتېنت هوقۇقىنى گۆرۈگە قويغاندا گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى قەغەز يۈزىدە توختام ئىمزالاپ، دۆلەت بىلىم مۈلۈك هوقۇق ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ئىدارىسىغا پاتېنت هوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملىتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشى كېرەك. بىۋاستە ئالاقىدار كىشى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملىتىشتا، دۆلەت بىلىم مۈلۈك هوقۇق ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ئىدارىسى دەسلەپكى تەرتىپ باشقۇرۇش بۆلۈمىگە بىۋاستە يەتكۈزۈش ئۇسۇلى ياكى پوچتىدىن ئەۋەتىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئىككى خىل ئۇسۇلدا يەتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ. دۆلەت بىلىم مۈلۈك هوقۇق ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ئىدارىسى تىزىملىغان كۈندىن باشلاپ پاتېنت هوقۇقىنى گۆ-

www.uyghurkitap.com



رۇگە قويۇش باشلانغان كۈن بولىدۇ. بۇ «پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش تۈزۈمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش ھەقسىز بولىدۇ. تىزىملاش ئورۇنلىرى ئۆلچەملىك ماتېرىيالنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ يەتتە خىزمەت كۈنى ئىچىدە «پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش ئۇقتۇرۇشى» چىقىرىدۇ. پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويغاندىن كېيىن پاتېنت ئاخباراتىدا ئېلان قىلىدۇ. ئەسلىدىكى پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالمىغاندا گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى بىرلىكتە گۆرۈگە قويۇش ئۇقتۇرۇشىنىڭ يوتۇپ كەتكەنلىك ئېلانى بەرسە بولىدۇ.

**گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاتقاندا بىۋاستە ئالاقىدار كىشى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ھۆججەتلەر:**

1) پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە تىزىملاش ئۆلچەملىك جەدۋىلىنى، يەنى ئىلتىماس جەدۋىلىنىڭ مەزمۇنىنى بېسىپ چىقىرىش، قولدا ئىمزا قويۇلغان ياكى مۇناسىۋەتلىك تامغا بېسىلغان بولۇشى كېرەك.

2) پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇش توختامىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى تاپشۇرۇش كېرەك.

3) گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەتلىك سالاھىيەت كىنىشكىسىنىڭ ئىسپاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك. (جۇڭگو پۇقرالىرى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى، چەت ئەللىكلەر پاسپورتىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تاپشۇرسا بولىدۇ. گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى ئورگان ياكى شەخس جۇڭگولۇق بولسا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق بېجىرىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا باشقا ھەق - تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىنىمۇ قوشۇپ ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى ئوخشاشلا چەت ئەللىك كىشىلەر، چەت ئەل كارخانىسى ۋە چەت ئەلنىڭ باشقا تەشكىلىي ئورگانلىرى بولسا ئۇنداقتا قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق پاتېنت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ.)

4) جۇڭگو ئورۇنلىرى تىجارەت كىنىشكىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ياكى قانۇنىي ئىسپاتىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ۋە ياكى تەشكىلات قورۇلمىسى كودىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تاپشۇرۇشى كېرەك؛ كۆپەيتىلگەن نۇسخىغا ئالاقىدار ئورگاننىڭ تامغىسى چوقۇم بېسىلىشى كېرەك؛ چەت ئەل كارخانىسى ياكى چەت ئەلنىڭ باشقا تەشكىلاتلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ باشقۇرۇش ئىسپاتى ۋە تىزىملاش ئىسپاتىنى قوشۇپ خەنزۇ يېزىقىدا تاپشۇرۇشى، ئىسپاتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىغا ئالاقىدار ئورگانلار گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ئىسپاتىنى تاپشۇرۇش كېرەك.

5) گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى ياكى ھاۋالە قىلغۇچى بىردەك ئىمزا قويۇشى، ھاۋالىنامىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھەم ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ سالاھىيەت ئىسپاتىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. ھاۋالىنامىدا چوقۇم ھاۋالە قىلىش ھوقۇق دائىرىسى، ھاۋالە قىلغان ئىش، پاتېنت ئىلتىماس نومۇرى، كەشپىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئىسمى، ھاۋالە قىلغۇچى ۋە ھاۋالە قىلىنغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى تولۇق يېزىلىشى كېرەك. ھاۋالىنامىدە مۇقىم ئۆلچەم يوق، ئالاقىدار كىشىلەر ئۆزى ئىمزالىسا بولىدۇ. گۆرۈگە قويغۇچى پاتېنت ئىگىسى بولىدۇ. ئەگەر بىر تۈرلۈك پاتېنتقا بىرقانچە پاتېنت ھوقۇقى ئىگىدارلىق قىلغۇچىلىرى بولسا گۆرۈگە قويغۇچىنىڭ ھەممىسىنى پاتېنت ئىگىسى دەپ قاراپ، بىۋاستە ئالاقىدار كىشى ئۆز ئارا كېلىشىۋالسا بولىدۇ.

6) باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ۋە يۇقىرىقى ھۆججەتلەر چەت ئەل يېزىقىدا بولسا قوشۇمە-

چە خەنزۇچە نۇسخىسىدىن بىر يۈرۈش تەييارلاش كېرەك.

**تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشقا ۋە گۆرۈگە ئېلىشقا بولمايدۇ.**

(1) گۆرۈگە قويغۇچى مەزكۇر پاتېنتنىڭ قانۇنىي ئىگىسى ئەمەس ياكى مۇستەقىل پاتېنت ئىگىسى بولمىسا؛

(2) پاتېنت ئىلتىماسىغا قانۇنلۇق ھوقۇق بېرىلمىگەن ياكى پاتېنت ھوقۇقى ئۈنۈمىنى يوقاتقان بولسا؛

(3) پاتېنت ھوقۇقى يىللىق بەدەل پۇلى تۆلەنمەي جەرىمانە تاپشۇرۇش ھالىتىدە بولسا؛

(4) پاتېنت ھوقۇقى ئۈنۈمسىز دەپ جاكارلانغان بولسا؛

(5) پاتېنت ھوقۇقى ئاخىرلىشىش ياكى ساقلىنىش مەزگىلىدە بولسا؛

(6) قەرز ئالغۇچى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، پاتېنت ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك مۇددىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا؛

(7) گۆرۈگە ئالغۇچى توختامدىكى قەرز پۇللىرىنى ۋاقتىدا تۆلەپ بولالماي، گۆرۈگە ئالغۇچى پاتېنتقا ئىگىدارلىق قىلىۋاتقان بولسا؛

(8) ئوخشاش پاتېنت ھوقۇقى قايتا - قايتا گۆرۈگە قويۇلغان بولسا.

**پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش ئىلتىماس جەدۋىلىنى تولدۇرۇشتا:**

(1) توختام نامى، پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇش توختامىنىڭ نامىنى تولدۇرۇش كېرەك.

(2) ۋاكالەتچىنىڭ ئۇچۇرى، بېجىرگۈچىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تولدۇرۇش كېرەك.

(3) قەرز سوممىسى، يەنى توختامدا بەلگىلەنگەن قەرز سوممىسىنى تولدۇرۇش كېرەك.

(4) گۆرۈ سوممىسى، يەنى توختامدا كېلىشكەن گۆرۈ سوممىسى، خىلاپلىق سوممىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى يېزىش كېرەك.

(5) گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى شۇنداقلا ۋاكالەتچى بىردەك ئىمزا قويۇشى ياكى تامغا بېسىش ۋاقتى ئېنىق بولۇشى، ۋاكالەتچى بىلەن ھاۋالە قىلغۇچى ئىمزا قويۇشى ياكى تامغا بېسىشى كېرەك.

(6) گۆرۈگە قويۇلغان پاتېنت سانى ئۈچ يۈرۈشتىن كۆپ بولسا، بىر تۈرلۈك ئىلتىماس جەدۋىلىگە تولدۇرۇشقا بولمايدۇ، بىۋاستە ئالاقىدار كىشى پاتېنت ئۇچۇرلىرىنى گۆرۈگە قويۇش ئىلتىماس جەدۋىلى ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇمچە بەتكە باشقا ئۇچۇرلارنى تولدۇرسا بولىدۇ.

(7) پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە قويۇشنى تىزىملاش جەدۋىلىنى بىۋاستە ئالاقىدار كىشى ئۆزى تۈزۈۋالسىمۇ ياكى پاتېنت ئىدارىسىنىڭ ئۈلگە نۇسخىسىدىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ.

(8) گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى ھاۋالە قىلغۇچى ھەق - تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى بويىچە تەبىئىي شەخسكە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش بىلەن بىرگە، ھاۋالىنامىگە ھاۋالە قىلغان ئىشلارنى ئىزاھلىشى كېرەك. بىۋاستە ئالاقىدار كىشى ئىلتىماس جەدۋىلىنى ئۆزگەرتىپ تاپشۇرۇشى كېرەك. (ئۆلچەملىك جەدۋەلنى بىلىم مۈلۈك ھوقۇق ئىدارىسى تور ئادرېسىدىن چۈشۈرسە بولىدۇ.) «پاتېنت ھوقۇقىنى گۆرۈگە تىزىملاش ئۇقتۇرۇشى» ھاۋالىنامىنى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ سالاھىيەت كىنىشكىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى قوشۇپ تاپشۇرۇشى كېرەك. گۆرۈگە قويغۇچى ۋە گۆرۈگە ئالغۇچى بىرلىكتە يەنە يېڭىدىن بىۋاستە ئالاقىدار كىشىنىڭ سالاھىيەت كىنىشكىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى قوشۇپ تاپشۇرۇشى كېرەك.

**تەييارلىغۇچى: شۇڭقار بەكرى**

**مۇھەررىر: نۇرشات ئابدۇرېشىت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىچىك بالىلار چوڭلارنىڭ ماسكىسىنى تاقسا تۇمانلىق ھاۋادىن زەھەرلىنىشتىن ساقلىنىيالامدۇ

تۇمانلىق ھاۋادا، تۇمانلىق ھاۋادىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى ماسكا تاقاش، لېكىن كىچىك بالىلارغا ماس كېلىدىغان ماسكا سېتىۋېلىش بىرقەدەر تەسكە توختايدۇ. شۇڭا كۆپىنچە كىشىلەر چوڭلارنىڭ ماسكىسىنى ئېلىپ بالىلارغا ئىشلىتىۋېرىدۇ، ئۆزىچە مۇشۇنداق قىلغاندا زەھەرلىنىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق قىلسا راستىنلا ئۈنۈمى بولامدۇ؟

ھازىر بازاردىكى چوڭلار ماسكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە تۇمانلىق ھاۋادىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارى يوق، شۇڭا بۇ خىلدىكى



ماسكىنى تاقىۋالغاندىمۇ ئوخشاشلا ئۈنۈمى بولمايدۇ. كىچىك ياشتىكى بالىلارغا نەپەسلىنىش كىلاپىنى بار ماسكىنى تاقاپ قويغان تەقدىردىمۇ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. مەخسۇس سۈزگۈچى بار ماسكىنىڭ ئۈنۈمى تاقاش ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل ماسكا نەپەسلىنىش كۆرسەتكۈچىسى ساغلام چوڭلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىگە ئاساسەن لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئىشلەتكۈچىنىڭ بىئارام بولغاندا، مۇستەقىل ئېلىۋېتىش ئىقتىدارى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار تۇماندىن ساقلىنىش ئۈچۈن بالىلارغا، ھەتتا بوۋاقلارغا چوڭلارنىڭ ماسكىسىنى تاقاپ قويغاندا نەپەسلىنىشى قىيىن بولۇش ياكى تۇنجۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، ماسكىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئىشلەتكۈچىنىڭ بۇلغانغان مۇھىتتا تاقاش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بالىلارنىڭ تۇغما ھەرىكەتچانلىقى تۈپەيلى، ماسكىنىڭ چىڭ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇلغانغان ھاۋادىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى تېخىمۇ تۆۋەنلەيدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنىرە ئابدۇقادىر**

**مۇھەررىر: نۇرشات ئابدۇرېشىت**

# كونسېرۋانى چۈشىنەمسىز

كونىلاردا، «جەڭگە ئاتلىنىپ دېسەڭ، ئوزۇق-تۈلۈكۈڭ تەق بولسۇن» دەيدىغان گەپ بار. يېمەكلىك بولسا ئۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تارىختا تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ھەربىي مۇتەخەسسىسلەردىن ناپولېئونمۇ بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ھەربىي قىسىم ئۈچۈن ئاشلىق ساقلاشنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقىشقا مەخسۇس 12000 فرانك ئاجراتقان. ئۇ دەۋرلەردە يېمەكلىكلەرنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلاشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ ئەمەس بولۇپ، بولۇپمۇ دەماللىق يېمەكلىكلەرنى ساقلاشنىڭ ئۇسۇلى يوق دېيەرلىك ئىدى.

نىكولا ئاپپېل ئىسىملىك بىر ئاشپەز ئەينەك شېشىگە قاچىلانغان يېمەكلىكلەرنى قىزىتقاندىن كېيىنمۇ، ئەگەر بوتۇلكا ئېغىزى ئېچىلمىغان بولسىلا، يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتى ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ بايقاشقا ئاساسەن، ئۇ قايتا-قايتا ئون نەچچە يىل سىناق تەجرىبىسى ئىشلەپ، ئاخىرى، يېمەكلىكلەرنى كونسېرۋالىق ساقلاش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان. 1810-يىلى، ئۇ مۇشۇ 12000 فرانك بىلەن مۇكاپاتلانغان.

كونسېرۋانىڭ كەشىپ قىلىنىشى يېمەكلىك تېخنىكىسى تارىخىدىكى بىر ئابىدە. ئەڭ دەسلەپتە، نىكولا شام ۋە يىپ ئارقىلىق ئەينەك شېشىنىڭ ئېغىزىنى ھىملىغان، كېيىن يۇمشاق ياغاچ پۆرۈپكىنى ئىشلەتكەن. لېكىن، بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، ئارمىيەنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان. ئارمىيەنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن بۇ تېخنىكا، ھەقىقىي تۈردە ناپولېئوننىڭ ئۇرۇشى ئۈچۈن قوللىنالمىغان. كېيىن ئەنگلىيەلىك پېتېر دورانت ئىسىملىك كىشى كونسېرۋا تېخنىكىسىنى تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەتكەن بولۇپ، ئۇ قەلەي باك بىلەن يېمەكلىكنى ھىملاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

قەلەي باك ھۈنەر-سەنئەت ۋە تەننەرخ جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، لېكىن ئۇنى ئېچىش بىرئاز قىيىن ئىدى. قەلەي كونسېرۋا بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، قانداق قىلىپ قەلەي كونسېرۋانىڭ ئېغىزىنى ئېچىش بىر ئاۋارىچىلىق ئىش بولۇپ قالغان. ھەربىي قىسىمدا بولسا، ھەربىيلەر داۋاملىق تاش ۋە باشقا تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن كونسېرۋا ئېغىزىنى ئاچقان. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى كىشىلەر كونسېرۋا قۇتىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ لايىھەلەشكە باشلىغان. 1925-يىلى، ئامېرىكىدىكى بىر شىركەت ئاددىي ھەم ئىشلىتىش قولاي بولغان كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئاچقۇچىنى لايىھەلەپ چىققان. بۇ لاھىيە ئىنتايىن بىخەتەر بولۇپ، ھازىرغىچە بازارلاردا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، نۇرغۇن يېڭىچە لايىھەلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ بارغانسېرى قولايلىقلىشىشقا باشلىغان. ھازىرقى ئېلېكتىرونلۇق كونسېرۋا قۇتىسىنى ئاچقۇچنى پەقەت كونسېرۋا قۇتىسى ئۈستىگە قويسىلا، ئاپتوماتىك ئايلىنىپ، قۇتا ئېغىزىنى ئاچىدۇ، بۇنى ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ ئىشلىتەلەيدۇ.

نىكولا ئاپپېل كونسېرۋا تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغاندا، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئەينەك شېشىغا قاچىلانغان يېمەكلىكلەرنى قىزىتقاندا يېمەكلىك سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. تاكى 50 يىلدىن كېيىن، فرانسىيەلىك تەتقىقاتچى پاستېر يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىدىكى سىرنى ئاچىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





كونسېرۋا تېخنىكىسىنىڭ پرىنسىپىنى چۈشىنىدۇ. ئەسلىدە، يېمەكلىك تەركىبىدىكى باكتېرىيەنىڭ ئۆسۈشى يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەب ئىدى.

باكتېرىيە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە مەۋجۇت، ھاۋادىكى باكتېرىيەلەرمۇ يېمەكلىك ئۈستىگە چۈشۈپ، يېمەكلىكتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆسىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزىتىش باكتېرىيەنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئەينەك قۇتا ئىچىگە ھىم قىلىپ قاچىلانغان يېمەكلىك تولۇق قىزىتىلغاندا، تەركىبىدىكى باكتېرىيە تامامەن ئۆلىدۇ. قۇتىنىڭ ھىم ئېتىلىشى يېمەكلىكنىڭ سىرتقى مۇھىتتىكى باشقا باكتېرىيەلەر بىلەن قايتا ئۇچرىشىشىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن باكتېرىيەلەر قايتا يېمەكلىككە ھۇجۇم قىلالمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن يېمەكلىكنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلىغىلى بولىدۇ ھەم سۈپىتىمۇ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ساقلاش مۇددىتى ئۇزۇن يېمەكلىكلەر تىلغا ئېلىنسىلا «چوقۇم كۆپ مىقداردا چىرىشتىن ساقلاش دورىسى قوشۇلغان» دەپ قارايدۇ. بۇ قارىسىغا سۆزلىگەنلىك بولۇپ، كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بولسا باكتېرىيەنى يوقىتىپ ئاندىن باكتېرىيەنىڭ كىرىش مەنبەسىدىن ئايرىغان، شۇڭا ئەسلىدىنلا بۇ خىل يېمەكلىكلەر بۇزۇلمايدۇ، بۇزۇلمىغان يېمەكلىككە چىرىشتىن ساقلىنىش دورىسىنى قېتىشنىڭ ئورنى يوق ئەلۋەتتە.

كونسېرۋا تېخنىكىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى كونسېرۋانى ھەربىي قىسىم ۋە خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ زور ئالقىشقا ئېرىشتۈرگەن. كېيىن كونسېرۋا بىرخىل مودا يېمەكلىككە ئايلانغان. 30 – 40 يىل بۇرۇنقى جۇڭگودا، كونسېرۋا قۇۋۋەت يېمەكلىكى دەپ قارىلىپ، كېسەل يوقلىغاندا بىر نەچچە قۇتا كونسېرۋا ئالغاچ بېرىش، ئەينى دەۋردىكى ئېسىل سوۋغات ھېسابلىناتتى.

ئۆتۈپ كەتكەن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە ساقلاش تېخنىكىسى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىش-

كەن بولسىمۇ، تەرەققىي قىلغان توشۇش ئىقتىدارى كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەرنى ئاستا - ئاستا دەۋر رىقابىتىدىن شاللىۋەتتى. لېكىن كونسېرۋا تېخنىكىسى يەنىلا دەماللىق يېمەكلىكلەرنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلاشتىكى ئەڭ ئەرزان ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چەت ئەللەردە، كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەر يەنىلا چوڭ بازارغا ئىگە بولۇپ، بىر قىسىم تاماق ئېتىشكە ھورۇنلۇق قىلىدىغان ياكى ۋاقتى يەتمەيدىغان ئائىلىلەر داۋاملىق كۆپ مىقداردا كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن كونسېرۋالارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلىمۇ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان بولۇپ، DIY كونسېرۋاسى ياۋروپا بازارلىرىدا ئىنتايىن ئومۇملاشقان يەنى، دۆلىتىمىزدە ئائىلىلەردە چىلىغان سەي تەييارلىغانغا ئوخشاش.

كونسېرۋا ئىشلەپچىقىرىشتا تولۇق قىزدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. لېكىن، يۇقىرى تېمپېراتۇرا بىرقىسىم ئوزۇقلۇق تەركىبلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا، بىر قىسىم ئوزۇقشۇناسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن كىشىلەر، كونسېرۋانىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق دەپ قارايدۇ. 1997 - يىللى، ئامېرىكا ئىللىنويىس ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلان قىلغان بىر پارچە ئومۇمىي باياندا بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، يېڭى مېۋىلەر ۋە توڭلىتىلغان مېۋىلەر بىلەن مېۋە كونسېرۋاسى تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ھەم قىزدۇرۇش ۋە ساقلاشنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبلەرگە بولغان تەسىرى ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇلۇپ چىقىلغان. نەتىجىدە، مېۋە كونسېرۋاسى تەركىبىدىكى ۋىتامىن B، C گۇرۇپپىسىدىكى ۋىتامىنلار ۋە كۆپ فېنوللۇق بىرىكمىلەرنىڭ مىقدارى ھەقىقەتەنمۇ يېڭى مېۋىلەر ۋە توڭلىتىلغان مېۋىلەرگە قارىغاندا تۆۋەن بولىدىغانلىقى، لېكىن يېڭى مېۋىلەر ۋە توڭلىتىلغان مېۋىلەر مەلۇم ۋاقىت قويۇپ قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ مىقدارىنىڭ تۆۋەنلىشى مېۋە كونسېرۋاسىغا قارىغاندا خېلىلا تېز بولىدىغانلىقى بايقالغان. بۇنىڭدىن سىرت، يېڭى كۆكتاتلار ۋە توڭلىتىلغان كۆكتاتلار خام ماتېرىيال بولۇپ، پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن يېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى پىشۇرۇش جەريانىدا ئوزۇقلۇق تەركىبلەر يەنە بىر قېتىم يوقىتىشقا ئۇچرايدۇ. كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەر بولسا پىششىق يېمەكلىك بولۇپ، ساقلاش جەريانىدا بۇ ئوزۇقلۇق تەركىبلەردە كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەش كۆرۈلمەيدۇ، يېگەندىمۇ يەنە بىر قېتىم پىشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇڭا، يېڭى يېمەكلىكلەر بىلەن كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سېلىشتۇرۇش تازا مۇۋاپىق ئەمەس.

كاروتېنوئىد، ۋىتامىن E، مىنېرال ماددىلار ۋە يېمەكلىك تالالىرى قاتارلىق باشقا ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ يېڭى ۋە توڭلىتىلغان يېمەكلىكلەر بىلەن كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى مىقدارى ئاساسەن ئوخشاش دېيەرلىك. يەنە بەزى تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، كاۋا تەركىبىدىكى كاروتېنوئىد بىلەن پەمىدۇر تەركىبىدىكى پەمىدۇر قىزىل ماددىسى قاتارلىق بىر قىسىم ئالاھىدە تەركىبلەرنىڭ كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەردە ئىگىلىگەن مىقدارى يېڭى ۋە توڭلىتىلغان يېمەكلىكلەردە ئىگىلىگەن مىقدارىغا قارىغاندا يۇقىرى چىققان.

مەيلى قۇۋۋەت ياكى تەم جەھەتتىن بولسۇن، يېڭى يېمەكلىكلەر ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى، لېكىن ئەگەر يېڭى يېمەكلىك بولماي قالغاندا توشۇش ياكى ساقلاش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانماي بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەر تەبىئىيلا ئەڭ ياخشى تاللاش بولالايدۇ. كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەر ئەرزان، قولايلىق، بىخەتەر بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ خورىشىمۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچە چوڭ ئەمەس.

**تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرشات ئابدۇرىشىت**

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# 目录 | 知识－力量（第 11 期）

## 科学与迷信


01 全球变暖对我们有危害吗？……迪丽努尔・艾则孜（译）
02 为什么只有地球有生命？……


## 新材料、新技术


03 化鸡粪为宝……


## 展望世界


06 世界八座大型射电望远镜……阿斯亚・伊米提（译）
10 看看国外老人的生活……米娜瓦尔・艾则孜（译）


## 健康


14 嗜睡的原因及其治疗……努尔买买提・依明肉孜
16 青年和中年人应注重体检……地力夏提・斯马义


## 自然之谜


18 死亡岛之谜……沙塔尔・吾甫尔（译）
21 海底光缆的真相……古丽巴哈尔・库尔班（译）


## 青少年俱乐部


25 眼镜如何矫正视力？……
26 人冷时为什么会发抖？……
27 科学小论文的类型……帕子来提・吐鲁洪（译）


## 环境与生命


30 土壤污染对身体的危害及其防治……艾买尔江・白克尔


## 科普窗口


34 怎样识别靠谱的民间科学……米娜瓦尔・艾则孜（译）


## 动物世界


37 棕熊及其保护……阿不都拉・肉孜


## 农业技术


39 甜瓜种植及其病害防治措施……热合曼江・肉苏力
45 圈养羊注意事项……肉孜・牙生
47 冬季牲畜安全越冬注意事项……米热古丽・祖尼阿吉


## 东西南北


48 实践十号上的十个"箱子"……买买提依明・买买提（译）
52 读书的五个秘诀……库尔班・玉素甫（译）
54 专利权质押登记须知……雄喀尔・白科日（编译）


## 您知道吗


57 小孩戴大人口罩也能防雾霾？……木尼热・阿不都卡地尔（译）
58 你了解罐头吗？……努尔夏提・阿布都热西提（译）






新疆维吾尔自治区科普杂志社

**主　任** 李春阳

**副主任** 陶鹏　阿布都艾尼・依干拜尔迪
恰汗・合孜尔　谢国政　米宁
依明江・扎日　艾春根　摆晓宏

**编　委**（按姓氏笔画排序）
万祥贵　地力夏提・买提肉孜
塔世根・加帕尔　刘瑛　战强
谢树燕　举来提・艾比不拉
罗建业

**社长、总编** 地力夏提・买提肉孜
（副编审）

**副社长、副总编** 举来提・艾比不拉
（副编审）
罗建业

**编辑部主任** 再吞古丽・阿布都瓦依提
**本期编辑** 阿里甫・莫合买提
**校对** 阿斯亚・玉苏音
**监督电话** (0991)6386550
**编辑部电话** (0991)6386547
**广告发行部电话** (0991)6386551
**主办** 新疆维吾尔自治区科学技术协会
**出版** 新疆维吾尔自治区科普杂志社
**地址** 乌鲁木齐市新医路 686 号（科技馆）
**邮政编码** 830054
**电子邮件** bilimkuqxjkx@163.com
**编辑制作** 《友邻》杂志社
**印刷** 新疆新华印刷厂
**发行** 乌鲁木齐市邮局
**订阅** 全国各地邮政（支）局
**国内统一连续出版物号** CN65-1085/Z
**国际标准连续出版物号** ISSN1002-9427
**邮发代号** 58-15
**广告经营许可证** 6501004000010
**定价** 7.00 元




بوئىن 777 يولۇچىلار ئايروپىلانى




بوئىن 787 يولۇچىلار ئايروپىلانى




بوئىن 737 MAX يولۇچىلار ئايروپىلانى



بوئىن CH-47 قوراللىق تىك ئۇچار



بوئىن X-51A تېز سۈرئەتلىك ئۇچقۇ




بوئىن «ئوۋلىغۇچى قۇش» نامىلىق ئايروپىلان

